ئىختىلاپ قىلىشقان مەسىلىنى تالاشدۇق، چوڭ گۇنا قىلغۇچى
مۆئمىن، كاپىر، مۇناپىق ئەمەس.
بىزنىڭ بۇنىڭغا بېرىدىغان جاۋابىمىز: چوڭ گۇناھ قىلغۇچى
مۆئمىنمۇ ئەمەس، كاپىرمۇ ئەمەس، مۇناپىق ھەم ئەمەس
دېيىش ئوتتۇرادا ۋاستە، ئىپا تىلغانلىق. ئىلگىرى ئۆتكەن-
سەلەپ سالىھىين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار: ئىككى مەنزىلىنىڭ
ئوتتۇردا (ئىمان بىلەن كۇفرىنىڭ) ھېچقانداق مەنزىل يوق، دېپ
ئىجماع قىلغان سۆزگە قارشى سۆزنى پەيدا قىلغانلىق، بۇ باتىل.
2- دەلىل، چوڭ گۇناھ قىلغۇچى مۆئمىن ئەمەس. چۈنكى ئاللاھ-

تائالا ئۆزىنىڭ: افمن كان مؤمنا كمن كان فاسقا، مۇ-
ئمىن بولغان كىشى پاسىق بولغان كىشىگە ئوخشاشمۇ؟ (ھەر
گىز ئوخشاشى ئەمەس)، دىن ئىبارەت ئايەتى كەرىمە-
سىدە، فاسىق دېگەن ئىسمى، مۇئمىن دېگەن ئىسمىنىڭ
قارشىسىدا قالدى. ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: زىنا قىلغۇچى
مۇئمىنلىك ھالىتىدە زىنا قىلمايدۇ. يەنە ئۆزنە بىسى چوڭ
گۇناھنى قىلىدىنسا قىلمايدىغان كىشىگە ئىمان يوق،، دې
دى. يۇقۇرقى دەلىللەرنىڭ ھەممىسى چوڭ گۇناھ قىلغۇ
چىنىڭ مۇئمىن ئەمەسلىكى چىقىدۇ ئۇل، چوڭ گۇناھنى قىل-
غۇچى كافىرمۇ ئەمەس، چۈنكى ئۈممەتى ئىسلامىيەنىڭ چوڭ

گۇناھ قىلغۇچى ئۆلتۈرمەيدىغانلىقى، ۋە ئۇ ئۆزىنىڭمۇ مۇرتەد
(دىندىن قايتقۇچى) نىڭ ھۆكۈمىنى ئىجرا قىلمىغانلىقى، ۋە
ئۇنى مۇسۇلمانلار قەبرىستانغا دەپنە قىلىپ كەلگەنلىكى ئۇزۇن-
لەيى داۋام قىلىپ كەلمەكتە.

بۇنىڭغا بېرىلىدىغان جاۋاب: يۇقۇرقى ،، افمن كان مؤمنا
كمن فاسقا، ئايەتتىكى فاسىقتىن مۇراد كاپىردۇر چۈنكى
كۇپىر پىسقە (تائەتتىن چىقىش) نىڭ ئەڭ چوڭ قىسمى. پەي-
غەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: زىنا قىلغۇچى مۆئمىن ھالەتتە
زىنا قىلمايدۇ، ئۆزىنى چوڭ گۇنادىن ساقلىغان كىشىگە
ئىمان يوق ،، دېگەن ئىبارەت ھەدىس شەرىپتىكى، فاسىقنىڭ

مۇئمىن ئىكەنلىكىنى ئۇ قۇرىدىغان ئايەت ( يا ايها الذين
آمنوا كتب عليكم القصاص في القتلى » ۋە باشقىلار ) ۋە
ھەدىسلەرنىڭ دەلىلى ئارقىلىق، گۇناھىدىن تۇسۇشتا مۇبالىغە
قىلىش ۋە قاتتىق مۇئامىلە قىلىشنىڭ ئۇسىلە قورولغۇچىدۇر.
(ئىگىلىگۈچىدۇر). پاسىقنىڭ مۇئمىن بولغانلىقى ئۈچۈن پەيغەم
بەر ئەلەيھىسسالام: ھەر قانداق بەندە « لا اله الا الله » دەپ
شۇ ھالەتتە ئۆلۈپ كەتسە جەننەتكە كىرىدۇ » دېگەن ۋاقىتتا
ئەبۇزەر: ئەگەر زىنا قىلسىمۇ ئوغرىلىق قىلسىمۇ كىرەمدۇ؟
دەپ سورىغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىرىدۇ، دېگەن
ئەبۇزەرنىڭ سوئالىنى ئۈچ قېتىم سورىغان پەيغەمبەر ئەلەي-

ھەسالام ئۈچ قېتىم ئۆزئالدىغا جاۋاب بەرگەن، تۆتىنچى

قېتىم سوراپ موبالىغە قىلغاندا، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام

ئەگەر زىنا قىلسىمۇ، ئوغرىلىق قىلسىمۇ ئەبۇزەرنى خار قىلغان

ھالەتتە جەننەتكە كىرىدۇ.» دېدى.

چوڭ گۇناھ قىلغۇچىنىڭ كاپىر ئەمەسلىكىنى ئىپادىلىغان خەۋەرچ

گۇرۇھى. ئاللاھ تائالانىڭ: «ومن لم يحكم بما انزل الله،

فاولئك هم الكافرون» ئاللاھ تائالا چۈشۈرگەن قانۇنبو-

يىچە ھۆكۈم قىلمايدىغان كىشىلەر، بەقەت ئۇلار كاپىردۇر»، «ومن

كفر بعد ذالك فاولئك هم الفاسقون» يوقۇرقىلاردىن

كېيىن كاپىر بولغان كىشىلەر، بەقەت ئۇلار فاسىقدۇر» دىن ئايا-

ڕەت ئايەت كەرىمەسى كە ئوخشاش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسا

لامنىڭ «من ترك الصلوة متعمدا فقد كفر، نامازنى

قەستەن تەرك ئەتكەن ئادەم، ھەقىقەتەن كاپىر بولىدۇ»

دىن ئىبارەت ھەدىسكە ئوخشاش فاسىقنىڭ كاپىر ئىكەنلىكى ھە

ققىدە كەلگەن زاھىر نەرسىلەر ئارقىلىق ۋە ئاللاھ تائالانىڭ: «ان

العذاب على من كذب وتولى، لا يصلها الا الاشقى الذى

كذب وتولى، ئازاب ھەقىقەتەن دىننى يالغانغا چىقارغان، ۋە

ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەن كىشىلەرگە بولىدۇ. ئۇل دوۋزەخكە،

دىننى، رەسۇل پەيغەمبەرنى يالغانغا چىقارغان ۋە ئۇنىڭدىن

يۈز ئۆرۈگەن بەختسىز كىشىلەردىن باشقا ھېچ كىم كىرمەيدۇ»

ۋە «إن الخزي اليوم والسوء على الكافرين. جەزمەنكى رەسۋا
ۋالىق، ئەڭ يامان ھالەت قىيامەت كۈنى كاپىرلارغىدۇر» دېگەن
ئىبارەت تەرجىمىسى ۋە باشقىلار (ئايەتلەردىن) غا ئوخشاش
ئىزاھى كاپىرلارغىلا خاس قىلغانلىقى ھەققىدە كەلگەن زاھىر
نەسلەر ئارقىلىق ئۆزىدە ئۇ ئايىغا ھۆججەت كەلتۈردى.
ئۇلارغا بېرىلىدىغان جاۋاب: يوقۇرقى ئايەت ۋە ھەدىسلەر
دىن ئىبارەت زاھىر نەسلەر، چوڭ گۇناھ قىلغۇچىنىڭ كاپىر ئە-
مەسلىكىگە كەسكىن ھۆكۈم قىلىدىغان باشقا نەسلەرنىڭ
بولغانلىق جەھەتىدىن. ۋە ئۇممىتى ئىسلامىيە (پەيغەمبەر
ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىن بىزنىڭ مۇشۇ زامانىمىزغىچە

ئۆتكەن ئىسلام ئۆلىمالىرى) نىڭ موشۇ، فاسىقنىڭ كاپىر-
ئەمەسلىكىگە ئىجماء قىلغانلىقى جەھەتتىن، ئۇلارنىڭ زاھىرى
تەرك ئەتكۈچىدۇر.

تۆۋەندىكى قىلىنماقچى بولغان سوئالنىڭ جاۋابى بولۇپ،
ئۇ سوئال مۇنۇدىن ئىبارەت: ئۇلار (ئۇممەتى ئىسلامىيە) نىڭ
فاسىقنىڭ مۆمىن ئىكەنلىكىگە قىلغان ئىجماء خەۋارىجلار
ئۇڭا قارشىلىق قىلىپ تۇرسا قانداقمۇ ئىجماء بولسۇن؟ خە
ۋارىجلار ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىجماء قىلىنغان نەرسىدىن ئىر-
سىدىن چىقىپ كەتكۈچىدۇر. بۇ ئىجماءدا ئۇلار ئېتىبار-
قىلىنمايدۇ.

# والله تعالى لا يغفر ان يشرك به

ئاللاھ تائالا، ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەننىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈم
قىلمايدۇ.

بۇ ھەقىقەتنى بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئىتتىپاق قىلىشى ئارقىلىق
ئۇرۇنلاشقان، لېكىن ئۇلار شېرىك كەلتۈرگەن گۇناھىنى ئاللاھ
تائالانىڭ كەچۈرۈم قىلىشى ئەقلەن دۇرۇس بولامدۇ بولمام
دۇ، دېگەن ھەققە ئىختىلاپ قىلىشتى. بەزىلەرى: ئاللاھ تائالا
نىڭ، شېرىك كەلتۈرۈشنى «دىن ئىبارەت» يامان گۇناھىنى كەچۈ-
رۈم قىلىشى ئەقلەن مۇمكىن. لېكىن ئۇ گۇناھنى كەچۈرۈم قىلى
مايدىغانلىقى شەرئى دەلىللەر ئارقىلىق بىلىندى» غا باردى.

ۋە ئۇلارنىڭ بىزنى . ئاللاھ تائالانىڭ ، ئاللاھ تائالاغا شېرىك

كەلتۈرۈشى» دىن ئىبارەت بۇ گۇناھنى كەچۈرۈم قىلىشى ئەقلەن

مۇ دۇرۇس ئەمەس. چۈنكى ھېكمەتنىڭ تەقەززاسى ياخشى

بىلەن يامانىڭ ئوتتۇرىسىنى ئايرىشى كېرەك بولسا جىنايەت

نىڭ ئەڭ چېكى بولۇپ، مۇباھلىقنى ۋە ھاراملىقنى كۆتۈرۈشكە

ئېھتىمال كەلتۈرمەيدۇ. ئەسلا. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن

ئۇ كۇپرى ئەپۇ قىلىنىشنى ۋە ئازابنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشىنى كۆتۈرەل

مەيدۇ. ۋە يەنە كاپىر كۇپرىنى ھەق دەپ ئېتىقات قىلىدۇ.

ۋە ئۇ كۇپرىغا ئاللاھ تائالادىن ئەپۇ قىلىشنى تەلەپ قىلمايدۇ.

ۋە يەنە ئۇل كۇپرى ئەبەدى مەڭگۈلۈك ئېتىقات بولۇپ، مەڭگۈ

لۇق جازانى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ (كۇپرى) بولسا باشقا

گۇناھلەرنىڭ خىلاپى بىلەن (ئاللاھ تائالا ئۇلارنى خالىسا كەچۈ

رۇم قىلىدۇ.)

## ويغفر مادون ذالك

لمن يشاء من الصغائر والكبائر.

ئاللاھ تائالا ئۇ شېرىك كەلتۈرۈشتىن باشقا گۇناھلەرنى، ئۇ گۇ-

ناھلار مەيلى كىچىك بولسۇن مەيلى چوڭ بولسۇن، تەۋبە قىلىش

بىلەن بولسۇن ياكى تەۋبىسىز بولسۇن، خالىغان كىشىگە كەچۈرۈم

قىلىدۇ.

بىزنىڭ بۇ (چوڭ چوڭ گۇناھنى مەئىرەتتا قىلىش تەۋبە قىلىش

بىلەن بولىدۇ. ياكى تەۋبىسىز كەچۈرۈم قىلىدۇ.) ئىتقادىمىز

مۇئتەزىلە گۇرۇھىغا زىت كېلىدۇ. چۈنكى ئۇلار: ئاللاھ تائالا

چوڭ گۇناھلارنى تەۋبىسىز كەچۈرۈم قىلمايدۇ. دەيدۇ.

بۇ ھوكۇمنى مۇستەھكەم ئورۇنلاشتۇرۇشتا بۇ ھوكۇمنىڭ

سابىت ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدىغان ئايەتلەرنى ئوبدان مۇلاھىزە

قىلىش لازىم. بۇ ھەققىدە (شېرىكتىن باشقا چوڭ - كىچىك گۇناھ

لارنىڭ تەۋبە بىلەن ياكى تەۋبىسىز كەچۈرۈم قىلىنىدىغانلىقى).

كەلگەن ئايەت - ھەدىسلەر كۆپ. ئۇ كەچۈرۈم قىلىشنى مۇئتە-

زىلە گۇرۇھى كىچىك گۇناھلارغا ۋە تەۋبە قىلىش بىلەن بىرگە

بولغان چوڭ گۇناھلارغا خاس قىلىدۇ.

ئۇلار بۇ (چوڭ گۇناھنى تەۋبىسىز كەچۈرۈم قىلمايدۇ) دەپ ئۇيا-

يىنى ئىسپاتلاش، ئىككى خىل يول ئارقىلىق دەلىل كەلتۈردى.

1. ئاسى، گۇناھكارلارنى قورقۇتۇش ھەققىدە كەلگەن ئايەت

ھەدىسلەر. چۈنكى ئۇلار تەۋبە قىلمىغاندا ئاللاھ تائالا قورقات-

قىنى بويىچە ئۇلارنى جازالايدۇ.

بۇنىڭغا بېرىلىدىغان جاۋاب: سىلەر دەلىل قىلىپ كەلتۈرگەن، ئاسىلارنى

قورقۇتۇش ھەققىدە كەلگەن ئايەتلەر ئام بولغاندا تەقدىردە

(بىز ئۇ ئايەتلەرنىڭ ئام ئىكەنلىكىگە تەسلىم بولماي)، ئاللاھ-

تائالا ئۇ ئاسىلارنىڭ ئىچىدىن ئۆزى خالىغان بەندىنىڭ گۇ-

ناھىنى كەچۈرۈم قىلسا قىلىۋېرىدۇ. دېمەكچى سىزنىڭ ئېتىراز

گىنى قومۇرۇپ تاشلايمىز.) بۇ قورقۇنچنىڭ ئەمەلگە ئاشى-
دىغانلىقىنى ئۇ قورقىدۇ، ۋاجىبلىقىنى ئۇ قورقمايدۇ. گۇناھنى
ئەپۇ قىلىشنى ھەققىدە نەسىھەتلەپ كەلدى. بۇ (نەسىھەت) بو-
لسا، گۇناھى كەچۈرۈم قىلىنغان گۇنا قىلغۇچى قورقۇتۇشنىڭ
ئۇمۇمىدىن خالىي قىلدۇ.

مۇئتەزىلە گۇرۇھىنىڭ بەزىسى، قورقۇتۇشتا خىلابلىق قىلىش
سېخىلىق بولۇپ بۇ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بولسا دورۇس بو-
لىدۇ، دېدى.

مۇھەققىق (ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائە) ئۆلىمالار بۇ (بەزى مۇئتە-
زىلە بارغان، قورقۇتۇشتا خىلابلىق قىلىش سېخىلىق بولۇپ

بۇ ئاللاھ تائالادىن بولىشى دۇرۇس) دىنىڭ قارىشىغا باردى.-

ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىنىڭ قۇرئانىغا خىلاپلىق قىلىشى دۇرۇس

ئەمەس، ئاللاھ تائالانىڭ قۇرئانغا خىلاپلىق قىلىشى، ئاللاھ

تائالا ئۆزى «ما يبدل القول لدي» مېنىڭ ئالدىمدا

سۆز ئۆزگەرتىلمەيدۇ» دەپ تۇرغان ھالەتتە، ئۆزىنىڭ

سۆزىنى ئۆزگەرتىشى قانداقمۇ دۇرۇس بولسۇن؟

2- گۇناھ قىلغۇچى ئۆزىنىڭ شۇ گۇناھىغا بىنائەن ئازابلانماي

دىغانلىقىنى بىلسە، ئۆزىنىڭ ئازابلانمايدىغانلىقىنى بىلگەنلىكى شۇ

گۇناھ قىلغۇچىنى شۇ گۇناھقا ئورۇنلاشتۇرغانلىق ۋە غەيرىتى

گۇناھقا قىزىقتۇرغانلىق بولىدۇ، بۇ بولسا يەنە مەرتىۋە-

مۇراتكەنلەر ئۆتتىشى سەۋەب يەتكەن چۈنكى ... كەلدۇ. ئىستە ئىشتە

نى يامان ئىشلاردىن توسۇش، ياخشى ئىشقا (بەختلەندۈرۈش)

بۇنىڭ جاۋابى: پەقەت گۇناھنى كەچۈرۈم قىلىشنىڭ دورىسى

ئىككىنچىلا ئازابنىڭ بولماسلىقىنى بىلىشى ئۈچۈن قايتا تۇرسۇن

ئازابنىڭ بولماسلىقىنىڭ گۇمانىسىمۇ كەلتۈرۈپ چىقارمايدۇ

ئەھدىتىنىڭ ئۆلگىچە بىلەن بىللە يانمىسىپ تۇرغان قورقۇ

تۇيۇش تۈگۈرسىدا كەلگەن ئۇمۇمانلار. ھەربىر كىشىگە قارىتىپ بىلەن

ئەمەلگە ئېشىشى تەرىپى كۆچلىنىغان تۇرۇپ، گۇناھنى ئەپۇ قىلىشنىڭ

دورىسى لىقنىڭ ئۈزۈلگە ئازابنىڭ بولمايدىغانلىقىنى قانداق (گۇمانىنى)

كەلتۈرۈپ چىقارسۇن. ھەربىر كىشى گۇناھدىن تۇساتتا، ئەھ-

دىنى غايىتى بىلەن بىرگە بولغان قورقۇتۇشنى، ئەمما شۇنى تەرىپى كۈچلەنگەنلىكى ئۆيە قىلدى.

## ويجوز العقاب على الصغيرة

كىچىك گۇناھ قىلغانلىققا بىنائەن جازالاش دۇرۇس بولىدۇ.

كىچىك گۇناھنى قىلغۇچى، چوڭ گۇناھنى قىلىشتىن يىراق بولسۇن ياكى بولمىسۇن، ئۇ كىچىك، ئاللاھ تائالانىڭ: ويغفر ما دون ذلك لمن يشاء ئاللاھ تائالا شېرىكتىن باشقا گۇناھنى خالىغان كىشىدىن كەچۈرۈم قىلىدۇ» دېگەن ئايىتى سۆزىنىڭ ئىستىغراق ئەمەسلىكىگە چەھ-تىدىن. ۋە ئاللاھ تائالا «لا يغادر صغيرة ولا كبيرة الا احصاها» نام ئەمەللەرنى يېزىپ تۇرغۇچى پەرىشتىلەر كىچىك گۇناھنى ۋە چوڭ گۇ-

ناھنى تەرك ئەتمەيدۇ، مەگەر ئۇلارنى ساناپ تۇرىدۇ. دېگەن-
لىك جەھەتتىن. گۇناھلارنى ساناپ تۇرۇشى بولسا پەقەت ئۇنى
ئىلگۈچىنى سوراق قىلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا جازا بېرىش
ئۈچۈن بولىدۇ. ئۇ يوقۇرىقىدەك كىچىك گۇناھنى قىلغۇچىنى
(قىلغۇچىنى) جازالايدىغان دۇرۇس ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدىغان
ئايەت، ھەدىسلەرنىڭ بولغانلىقى جەھەتتىن. كىچىك گۇناھنى
قىلغانلىققا بىنائەن جازالاشى دۇرۇس.
بەزى مۇئتەزىلە كىچىك گۇناھنى قىلغۇچى چوڭ گۇناھنى
قىلىشتىن يىراق بولسا، ئۇنى كىچىك گۇناھ قىلغانلىققا بىنائەن
جازالاش. جازالاشنىڭ ئەقلەن مەنئى بولغانلىقى جەھەتتىن

ئەمەس بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ: «إن تجتنبوا كبائر-

ما تنهون عنه نكفر عنكم سيآتكم. ئەگەر سىلەر ئو-

نىڭدىن مەنئى قىلىنغان گۇناھلارنىڭ چوڭلىرىدىن يىراق بولساڭ-

لار، بىز سىلەرنىڭ خاتا-يامان ئىشلىرىڭلارنى سىلەردىن ئۆچۈ-

رۈۋېتىمىز» دېگەن ئايىتى سۆزلەنگەندىكى كىچىك گۇناھ قىلغۇ-

چىنى ئازابلاشنىڭ ۋۇجۇتقا چىقمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدىغان

سەمئى دەلىللەرنىڭ مەۋجۇت بولغانلىقى ئۈچۈن دورۇس

بولمايدۇ» غانلىقتا باردۇر.

بۇمۇ ئەزىلە گۇرۇھىغا بېرىدىغان جاۋاب: ئاللاھ تائالانىڭ

«إن تجتنبوا كبائر ما تنهون عنه نكفر عنكم سيآ-

تىلوم،، دېگەن سۆزنى چوڭ گۇناھ، كۇپۇردۇر. ئۇ مۇتلەق

بولغانلىق جەھەتتىن، چۈنكى ھەرقانداق مۇتلەق ئۆزىنىڭ

كامىل ئەزاسىغا قايتۇرۇلىدۇ. كۇپرى بولسا چوڭ گۇناھ

لەرنىڭ ئەڭ كامىلى ھەم كاتتىسى.

تۆۋەندىكى سورالماقچى بولغان سوئالنىڭ جاۋابى. ئۇ سوئال

مەزكۇر ئايەتتىكى چوڭ گۇناھلاردىن مەقسەت كۇپرى بولسا

بۇ جايدا چوڭ گۇناھلارنى مۇپرەت بىرلىك سانىدا كەلتۈرۈشى

مۇۋاپىق ھەم مۇناسىپ ئىدى. چۈنكى چوڭ گۇناھلارنىڭ ھەم

مىسىنىڭ كاتتىسى پەقەت بىرلا كۇفىردىن ئىبارەت. نېمە ئۈچۈن كۆپ-

لۈك سانىدا كەلتۈردى؟ ،،كەبىرە،، دىن ئىبارەت بۇ ئىسىمنى كۆپ

تولۇق سانىدا كەلتۈرۈشى، گەرچە ھەممە كۆپىرى ھوقۇقدا بىر بول-

سىمۇ، ئۇنىڭ تۈرلۈكتە نەزەر قىلغانلىق جەھەتتىن ياكى جەمئى

جەمئىنىڭ قارىشىدا كەلتۈرۈشى، يەككىلەرنىڭ يەككىلەرگە بولىشى

تەقەززا قىلىدۇ، دېگەن قائىدىگە بىنائەن، ئۇلارنىڭ موھتا-

بىلەرنىڭ ئەزالىرى بىلەن ۋۇجۇتقا چىققان يەردە (ئەزا) لەرگە نە-

زەر قىلغانلىق جەھەتتىن. ر بۇنىڭ ئادەتتىكى مىساللىرى: ئەزالار ئۆز

لىرىنىڭ ئۆز ئاتلىرىغا مىندى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كىيىملىرىنى كەيدى، دېسەك

ھەر بىرى ئۆزىنىڭ ئۆز ئېتىگە مىندى ۋە ئۆز كىيىملىكىنى كەيدى دېگەن مەنى-

دە بولىدۇ.).

# والعفوعن الكبيرة

چوڭ گۇناھنى قىلغۇچى ئۇنى ھالال دەپ قارىشى بىلەن بولمىسا،

ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنى كەچۈرۈم قىلىشى ئەپۇ قىلىشى دۇرۇس بولىدۇ

چوڭ گۇناھنى ئەپۇ قىلىشى دۇرۇس بولىدۇ، ... بۇ يەكۈن يۇقۇ

رىدا «ويغفر مادون ذالك لمن يشاء من الصغائر والكبا-

ئر» نىڭ ئۈستىدە توختالغاندا ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىدى لېكىن بۇنى

گۇناھقا بىنائەن تەرتوش (ھساب ئېلىپ جازالاش) نى تەرك ئە-

تىلگەنلىكلە مەغفىرەت سۆزى ئىشلىتىلگەندەك، «ئەپۇ قىلىش» سۆز

ئۇنىڭغا ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن، ۋە ئۇ مۇسەننىپ

نىڭ تەۋپىقى: ھالال دەپ قارىشى بىلەن بولمىسا دېگەنلىكىگە

باغلىنىش ئۈچۈن قايتا سۆزلىدى.

چوڭ گۇناھلارنىڭ ئەبۇ قىلىنىشى شۇ گۇناھنى ھالال دەپ قاراشى

بىلەن بولغان ۋاقىتتا، چۈنكى ھالال دەپ قاراشتا تەسدىققا قار-

شى كەلدىغان يالغان دەپ قارىغانلىق بولغانلىقى ئۈچۈن. ئۇ كۇفرى

دۇر. كىچىك بولسۇن چوڭ بولسۇن ئۇنىڭ گۇناھ ئىكەنلىكى ئىسپات-

لانغان نەرسىنى ھالال دەپ قاراشى بىلەن بولمىسا» دىگەن گەپ بىلەن

ئەسلەرنىڭ دەۋرى خۇدا مەڭگۈ قالدىغانلىقى ئۈچۈن قۇتۇرىدىغان ئەسلەر

ئۇ ئەسلەردىن ئىسمانى دىگەن ئىسىمنى بىكار چى قىلدىغانلىقى ئۈچۈن قۇتۇرى-

دىغان ئەسلەرگە ئۈلگە قىلدى.

# والشفاعة ثابتة للرسل والاخيار

چوڭ گۇناھ قىلغۇچىلارنىڭ ھەققىدە شاپائەت قىلىپ ئۇلارنى قۇت
قۇزۇش، مەشھۇر خەۋەرلەر ئارقىلىق پەيغەمبەرلەرگە ياخشى
كىشىلەر (سالىھ، تەقۋادار، نەبىلەر، شەھىدلەر، ساھابىلەر،
ۋە ئالىملار)گە سابىتتۇر.

بۇ يۇقىرقى يەكۈن مۇئتەزىلە گۇرۇھىغا زىت كەلدى.

بۇ شاپائەتنىڭ سابىت ئىكەنلىكىنىڭ قورولىسى: بىز يۇقىردا
توختۇلۇپ ئۆتكەن، شاپائەتسىز، گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلىش
ئەپۇ قىلىشنىڭ دورۇس ئىكەنلىكى، شاپائەتسىز ھالدا گۇناھلارنى
كەچۈرۈم قىلغان زات شاپائەت بىلەن كەچۈرۈم قىلىشى ئەۋلا

لىق تىلەش دۇرۇس.

مۇئمىنلەر گۇرۇھىنىڭ ئېتىقادىدا، چوڭ گۇناھنى كەچۈرۈم قىلىش
ئەپۇ قىلىش (تەۋبىسىز) دۇرۇس بولمىغاچقا شاپائەتتە قىلىشمۇ
دۇرۇس بولمىغان (ئازابنى كۆتۈرۈۋېتىش ئۈچۈن قىلىنغان شاپا
ئەت دۇرۇس ئەمەس) بىزنىڭ شاپائەتنى ئىسپاتلىشىمىزدىكى
دەلىلىمىز: ئاللاھ تائالانىڭ: واستغفر لذنبك وللمو-
ئمنين والمؤمنات، سەن ئۆزۈڭنىڭ گۇناھىڭ ئۈچۈن، مۇئمىن-
لەرنىڭ گۇناھى ئۈچۈن مۇئمىن ئاياللارنىڭ گۇناھى ئۈچۈن كەچۈرۈم
قىلىشنى تەلەپ قىل» دېگەن ئايەتنىڭ سۆزى. ئىستىغفار بولسا شاپائەتتە
چوڭلۇقى ئۈچۈن ھەممىسىنى كەچۈرۈم تەلەپ قىلىش. ۋەيەنە ئاللاھ تائالا-

نىڭ: فما تنفعهم شفاعة الشافعين. ئۇ كاپىرلارغا شاپا-
ئەت قىلغۇچىلارنىڭ شاپائەتمۇ مەنپەئەت قىلمايدۇ»، دىمەك ئىبا-
رەت بۇ سۆزى. چۈنكى بۇ كالامنىڭ ئۇسلۇبى بىرسى-بىر جايدا
شاپائەتنىڭ سابىت ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا
(بىرسى-بىر جايدا شاپائەتنىڭ سابىت ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرمايدىغان
بولسا) كاپىرلارنىڭ ھالىنى قەبىھ قىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ ئۈمىتسىز-
لىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى مەقسەت قىلغان جايدا، ئۇ شاپائەت
نىڭ مەنپەئەتىنى كاپىرلاردىن يوق قىلغانلىقنىڭ ھېچ بىر پايدىسى
بولمايتتى ئەلۋەتتە. چۈنكى مۇنداق ئۇرۇن كاپىرلارنىڭ، ئۇلارغا
ۋە ئۇلارنىڭ غەيرىگە تامام بولىدىغان خۇسۇسىيەتلىرى ئەمەس.

بەقەت ئۇلارنىڭ خاسىي بولغان خۇسۇسىيەتلىرىدىنا بەلگى-

لىك بولۇشنى تەقەززا قىلىدۇ.

مۇراد: ئىشايا ئەتتىنىڭ يايىدا قىلما سىلىقنى كابىرنىڭ باغلىغان-

لىق. ئۇ ئىشايا ئەتتىنىڭ مەنبەئەت قىلما سىلىقنى، كابىرلارنىڭ

باشقىدىن يوق قىلىشنى ئۇ قوردۇ.، ئەمەسى، ئەگەر مۇ-

راد يوق قورقىدىك بولغاندا مونو ئىشتىراز كەلگەن بولاتتى.

«بىلىرنىڭ كەلتۈرگەن دەلىللار، سوزنىڭ قارىشى مەنى-

سىگە قايىل بولغانلارغا ھوججەت بولالىدۇ. مۇئتەزىلە

ئورۇھغا ھوججەت بولالمايدۇ. چۈنكى ئۇلار سوزنىڭ تەتۇر

مەنىسىگە قايىل بولمايدۇ.»

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ «شاپائەت سابىت ئىكەن-

لىكىنىڭ دەلىلى) «شفاعتى لأهل الكبائر من امتى» مېنىڭ

شاپائىتىم، ئۈممەتلىرىمنىڭ چوڭ گۇناھ قىلغۇچىلىرى ئۈچۈن-

دۇر»، دېگەن ئىبارەت ھەدىسى. بۇ ھەدىس مۇھەددىس ئالىملار-

نىڭ ئوتتۇرىسىدا مەشھۇر. بەلكى شاپائەتنىڭ بابىدا كە-

لگەن ھەدىسلەر مەنا جەھەتتىن مۇتەۋاتىر دەرىجىسىگە-

يېتىدۇ.

شاپائەتنى دۇرۇس كۆرمەيدىغان مۇئتەزىلە گۇرۇھى

ئاللاھ تائالانىڭ «واتقوا يوما لا تجزى نفس عن نفس

شيئا، ولا تقبل منها شفاعة» دېگەن ئايەتلەر بىلەن-

جان بىر جاننى قوتقۇزالمايدىغان، ۋە ئۇ (جان) ئىگىلىدىن ھەم
قانداق شاپائەت قوبۇل قىلىنمايدىغان قىيامەت كۈنىدىن قور-
قۇڭلار» ۋە «وما للظالمين من حميم ولا شفيع يطاع»،
زالىملارغا ئۇلارنىڭ ئىشىغا كۆڭۈل بولىدىغان بىر يېقىن كىشىمۇ يو-
ق، ۋە يەنە ئاڭا ئىتائەت قىلىنىدىغان بىر شاپائەت قىلغۇچىمۇ
يوق دىگەن ئايەتتىكى سۆزلىرى ئارقىلىق شاپائەتنىڭ دۇرۇس
ئەمەسلىكىگە ھۆججەت كەلتۈردى.

بۇنىڭغا بېرىلىدىغان جاۋاب: ئۇ ئايەتتىكى كەلىمەلەرنىڭ مەقسىتى
كاپىرلاردىكى، زالىملار دېگەندىكى، ئەھۋاللاردىكى ئومۇملۇقنى ئۇ قۇۋۇدى
ئاڭلىغاندا تەسلىم بولغاندىن كېيىن بۇنىڭغا تەسلىم بولماي-

ئايەتى كەرىمەدىكى «نەفسى» دېگەن ۋە «زالىمىن» دېگەن مۇرات
كابۇر دېسەكمۇ بىلەرنىڭ ئىشتىراكلىرىنى قوشۇرۇپ تاشلى
لىيالايمىز.) ئۇل ئايەتى كەرىمەلەرنى، باشقا دەلىللەر بىلەن
بۇنىڭ ئوتتۇرىسىنى تەتبىقلاشنى ئۈچۈن ئارىمە بىلەن باشقا
دەلىلدە (واستغفر لذنبك وللمؤمنين والمؤمنات) كابىر
لارغا خاس قىلىش ۋاجىپ.
ئەمما بۇ قىلىش ۋە ئىشارىتى تىلىكى ساسى، كىتاب، سۈننەت، ئىج-
ماع قاتارلىق كەسكىن دەلىللەر بىلەن سابىق بولغان ئىدى. ئە-
مدى مۇئتەزىلە گۇرۇھى چارىسىز ھالدا، كىچىك گۇناھلەرنى مۇ-
تەلەق ھالدا ئەمما قىلىشقا تەۋبە قىلغاندىن كېيىن چوڭ گۇناھ

لەرنى ئەمەل قىلىشقا، ساۋابى زىيادە قىلىش ئۈچۈن ئىبادەت

قىلغانلىققا قايىل بولدى. مۇئتەزىلە گورۇھى ئۇنىڭغا قايىل

بولغان. تەۋبە قىلغاندىن كېيىن چوڭ گۇناھنى كەچۈرۈم قىلىش

ساۋابى زىيادە قىلىش ئۈچۈن ئىبادەت قىلىش (جازاسى

دېگەن قىلىش ئۈچۈن ئەمەس) ھەر ئىككىلى بۇزۇق. ئەمما

بىرىنچىسىنىڭ بۇزۇق قىلغىنى بولسا، مۇئتەزىلەنىڭ ئەقىدىسىدە گۇنا

ھەققا تەۋبە قىلغۇچى ۋە چوڭ گۇناھدىن يىراق بولغان كىشىگە

گۇناھنى قىلغۇچى جازالاشقا لايىق بولمىغانلىقى ئۈچۈن. ئە-

بۇ قىلدى دەلىللىك ھېچ نەرسىگە ياپىسى يوق. چۈنكى جازالا

شقا لايىق ئەمەس كىشىنى جازالىغانلىق كەچۈرۈم قىلغانلىق-

ئەمەس ئەمما ئىگىلىكىگە بوزۇق قىلىدۇ. ئەسلەر ئاللاھ-
تائالانىڭ: واستغفر لذنبك وللمؤمنين والمؤمنات سۆ-
زىگە ئۇيغۇنلىشى) جىنايەتنى كۆتۈرۈۋېتىشنى تەلەپ قىلىش مەنى-
دىكى ئىشارەتنى ئۇقتۇرغانلىق ئۈچۈن.

## واهل الكبائر من المؤمنين ......

مۆئمىنلەرنىڭ گۇناھى كەبىرىنى قىلىپ سالغانلىرى گەرچە
گۇناھىغا تەۋبە قىلماستىن ئۆلۈپ كەتسىمۇ دەۋزەخدە
مەڭگۈ قالمايدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا: «فمن يعمل مثقال
ذرة خيرا يره، مىسقال زەررىچىلىك ياخشى ياخشى ئىش
قىلغان بەندەم، ئۇنىڭ ياخشى جازاسىنى كۆرىدۇ» دېدى.

چوڭ گۇناھنى قىلغۇچىنىڭ قەلبىدە ئىمان بار. ئىماننىڭ نۇرلا

ياخشى ئىش بولۇپ، ئۇنىڭ جازاسى دوزەخكە كىرىشتىن

ئىلگىرى كۆرۈپ، ئاندىن كېيىن دوزەخكە كىرىشى مۇمكىن.

بولمايدۇ. چۈنكى دوزەخكە كىرىشتىن ئىلگىرى ئىماننىڭ ئەج

رىنى كۆرۈپ ئاندىن دوزەخكە كىرىشى ئۇممەتى ئىسلامىيەنىڭ

ئىجمائى بار. قىلىق باتىل. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىماننىڭ ئەجرىنى

كۆرۈشكە دوزەختىن چىقىشقا تەيىن تاپتى. ۋە يەنە ئاللاھ

تائالا: «وعد الله المؤمنين والمؤمنات جنات». ئاللاھ تائالا

مۆمىن ئەرلەرگە ۋە مۆمىن ئاياللارغا جەننەتلەرنى ۋەدە

قىلدى،، دېدى. چوڭ گۇناھلارنى قىلغان مۆمىنلەرگە...، دەپ

خاسىيى قىلمىدى ۋە يەنە ئاللاھ تائالا: «ان الذين آمنوا-

وعملوا الصالحات كانت لهم جنات الفردوس، مۆئمىن

بولغان ياخشى ئىشلارنى قىلغان كىشىلەرگە فىردەۋسى ناملىق جە-

ننەتلەر بار.» دېدى ۋە بۇنىڭدىن باشقا مۆئمىن بەندىنىڭ گۇ-

ناھ قىلىشى بىلەن ئىماندىن چىقىپ كەتمەيدىغانلىقىنى ۋە قۇتۇلى-

دىغانلىقىغا كەسكىن دەلىللەر بولغانلىقى ئۈستىگە، مۆئمىنلەرنىڭ ئەھلى

جەننەتنىڭ جۇملىسىدىن بولىدىغانلىقىنى ۋە قۇتۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرە

بار.

دوزەخ خىدمەتگە قىلىشى، ئازاب ئوقۇبەتلىرىنىڭ ئەڭ چوڭى

بولۇپ. بۇ جىنايەتلىرىنىڭ ئەڭ چوڭى بولغان كۇفرىنىڭ جازا-

سى قىلدى. ئەگەر ئۇل دوزەخدە مەڭگۈ قالىشى كاپىرلىكىگە

يارىشا جازا قىلىنىشى بولسا، ئەلۋەتتە ئۇ جىنايەتنىڭ مىقدا-

رىغا قارىتۇق بولىدۇ-دە، چەكلىك بولماي قالىدۇ (بومۇئمىن

لەرنىڭ دوزەخدە مەڭگۈ قالمايدىغانلىقىنىڭ دەلىلى.)

جۇمھۇر مۇئتەزىلە، دوزەخكە كىرگەن كىشىنىڭ، ئۇ يەردە مەڭگۈ

قالىدىغانلىقىغا باردى. چۈنكى دوزەخكە كىرگەنلەر ياكى كاپىر بو-

لىدۇ. ياكى تەۋبىسىز ئۆلۈپ كەتكەن چوڭ گۇناھ قىلغۇچى بولىدۇ

مەئسۇم (پەيغەمبەر)لەر تەۋبە قىلغۇچى (چوڭ گۇناھقا)

چوڭ گۇناھتىن يىراق بولۇپ، كىچىك گۇناھنى قىلغۇچى...لار

ئۇلار (مۇئتەزىلە)نىڭ ئىلگىرى ئۆتكەن قىياسىغا بىنائەن،

دەۋزەخ ئەھلىدىن بولمىغانلىقى ئۈچۈن.

كابىر، ئۈممەتى ئىسلامىيەنىڭ ئىجماﺋى ئارقىلىق دەۋزەخدە

مەڭگۈ قالىدۇ. شۇنىڭدەك تەۋبىسىز ئۆلۈپ كەتكەن چوڭ گۇناھ

قىلغۇچىمۇ ئىككى تۈرلۈك دەلىلدىن دەۋزەخدە مەڭگۈ قالىدۇ

1- دەلىل. ئۇ، چوڭ گۇناھ قىلغۇچى ئازابلىنىشقا لايىق، ئۇ ئازاب

بولسا ھېچ نەرسە قىلمىغان، ئەبەدى داۋام قىلىدىغان ئازابدۇر.

زەرەر بولۇپ، ھېچ نەرسە قىلمىغان، ئەبەدى داۋام قىلىدىغان

سەۋاپقا لايىق بولۇشقا قارشى كېلىدۇ.

بۇنىڭغا بىنائەن بىز بېرىدىغان جاۋاب: سىلەرنىڭ ئازابى «ھېچ نەرسە

قىلمىغان، ئەبەدى داۋام قىلىدىغان ئازاب زەرەر» دېيىش

«ئەبەدىي داۋام قىلىشى» دىن ئىبارەت بۇ خۇسۇسىيەتنى، ئازابنىڭ

تەكىتلەپ قوشۇۋېلىشلار مەنىنى قىلىدۇ بەلكى سىلەر «جۇڭگو

ناھەق قىلغۇچى ئازابقا لايىق بولىدۇ»، دېگەن گەپلەردىكى ئىرادە

قىلغان «ۋاجىب» لىقنى ئىبارەت لايىق بولۇشنى مەنىنى قىلىدۇ

جۇملىدە «سەۋاب» ئاللاھ تائالانىڭ بەرگى، ئازابلاش ئاللاھ تائالا

نىڭ ئادىللىقى ئاللاھ تائالا خالىسا ئەپۇ قىلىدۇ، خالىسا بىر مۇددەت

ئازابلىغاندىن كېيىن جەننەتكە ئەكىرىدۇ.

2- دەلىل. ئاللاھ تائالانىڭ: «ومن يقتل مؤمنا متعمدا فج-

زاؤه جهنم خالدا فيها» ھەر قانداق كىشى مۆمىننى قەستەن

ئۆلتۈرسە ئۇنىڭ جازاسى، ئۇنىڭدا مەڭگۈ تۇرۇپ قالىدىغان.

جەھەننەمدۇر «ۋە» «ومن يعص الله ورسوله ويتعد
حدوده يدخله نارا خالدا فيها». ھەر قانداق ئادەم ئاللاھ
تائالاغا ۋە ئاللاھ تائالانىڭ رەسۇلىغا ئاسىيلىق قىلسا ۋە ئاللاھ
تائالانىڭ توختاملىرىغا تاجاۋۇز قىلسا، ئاللاھ تائالا ئانداق
ئادەمنى مەڭگۈ چىقالمايدىغان دوزاخقا كىرگۈزىدۇ». «ۋە» «و-
من كسب سيئة واحاطت به خطيئته فاولئك (هم)-
اصحاب النار هم فيها خالدون». يامان ئىشلارنى قىلغان، ئۇنىڭ
ھەممە يېرىنى گۇناھ-خاتالىق قاپلاپ كەتكەن كىشىلەر، دوزاخ
نىڭ ئىگىلىرى ۋە ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر» دېيىلگەن.
رەت ئايەت كەرىملەردە ئوخشاش، چوڭ گۇناھ قىلغۇچىلار-

دوزىخىدا مەڭگۈ قالىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدىغان ئوچۇق نەس-
سىلەردۇر.

بۇنىڭغا بىنائەن بېرىدىغان جاۋاب: ١- ئايەتتىكى قاتىل، مۇئمىنى
مۇئمىن بولغانلىقى- ئىماننى يامان كۆرگەنلىكى جەھەتتىن ئۆلتۈر-
گۈچى كاپىردىن باشقا ھېچ نەرسە ئەمەس؛
٢- ئايەتتىكى ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇلۇغ زاتىنىڭ رەسۇلىغا ئاسىيلىق
قىلغان، ئاللاھ تائالانىڭ ھەممە توختاملىرىغا تاجاۋۇز-
قىلغان كىشى مۇشرىكلەردەك كاپىر. مۇشرىكلەرنىڭ ۋۇجۇدىنى پۈ-
تۈنلەي خاتالىق ئىگەللەپ كەتكەن ۋە ئۇنى ھەر تەرەپتىن گۇناھ-مە-
ئسىيەتلەر، خاتالىقلار ئۆز ئىچىگە ئېلىپ كەتكەن كىشى كاپىر.

ئەگەر بۇنىڭغا تەسلىم تەقدىردىمۇ (بۇ ئايەتلەردىكى كاپىر
ئەمەس چوڭ گۇناھ قىلغۇچى)، مەڭگۈ تۇرۇشى دېگەن سۆز
ئۇ ئەرەبلەرنىڭ «سجن مخلد» ئۇزۇن مۇددەتلىك تۇرما
دېگىنىگە ئوخشاش، ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىشلارنى ئۇقتۇرىدىغان
جايدا ئىشلىتىلىدۇ، ئەگەر بۇنىڭغا («خلد، مەڭگۈ تۇرۇش»نىڭ
ئۇزۇن مۇددەت مەنىسى ئىشلىتىلىدىغانلىقىغا) تەسلىم تەقدىردى
مۇ بۇ ئايەتلەرگە، باشقا گۇناھنى قىلغۇچىلارنىڭ دوزەختىن
مەڭگۈ قالمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدىغان نەسلەر ئارقىلىق تاقا-
بىلە تۇرىدۇ. (ئۇ باشقا نەسلەر بولسا بۇ ئايەتلەرنىڭ-
كاپىرلارغا قىلىنىشى خاسىنى تەقەززا قىلىدۇ.)

# والايمان

ئىمان - لۇغەتتە تەستىق، يەنى خەۋەر بەرگۈچىگە بويسۇ
نۇشى، ئۇنى شۇ خەۋەردە راستچىل سۆزلىگۈچى دەپ بىلىشى. بۇ
ئىنفال فورمولاسىدا بولۇپ، «ئامىن، خاترجەم قىلىش» دىن
چىقىرىلغان. مەنىچە ئامىنبە-نىڭ مەنىسى، ئۇنى يالغانغا-
چىقىرىشتىن، قارشىلىق قىلىشتىن خاترجەم قىلدى»، بولسا
كېرەك. لام بىلەن يەنە بىر مەنىدە ئۇلغا ئۆتكۈزۈلدۇ. ئاللاھ تائا-
لانىڭ، يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاكىللىرىدىن ھېكايە قىلىپ
كەلتۈرگەن «وما انت بمؤمن لنا، سەن بىزگە ئىشەنمەيسەن»
دىن ئىبارەت ئايەت كەرىمەسىدىكى سۆزگە ئوخشاش. ۋە «باء» ھەر

بىلەن ئىمە مەنبۇلغا ئۇتلوزىلدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ

«الايمان ان تؤمن بالله ... الخ» ئىمان ئاللاھ تائالاغا ئىشىنى

سۆزىنىڭ ئۇقۇمىسى، ئىستىلاھ ھەقىقىتى، ئىمام غەزالى (رو-

ھى) نىڭ كەلتۈرگەن پىكىرىگە بىنائەن، خەۋەرى-ياتى مۇخبىرىنى

قەلبىدە (ئۇنىڭغا بويسۇنماستىن ۋە ئۇنى قوبۇل قىلماستىن) راس

دەپ قارىشى ئەمەس. بەلكى ئىستىلاھ ھەقىقىتى، سۆز خەۋە-

رنى، ئۇنىڭغا «تەسلىم» بولدى دېگەن ئىسمى كەلتۈرگىلى بولغىدەك

ھالدا قوبۇل قىلىشى ۋە ئۇنىڭغا بويسۇنۇشى.

دېمەك: ئۇ ئەندىسى فارسى تىلدا «گرويدن» دەپ ئىبارەت كەلتۈر

گەن مەنا، (گرويدن نىڭ مەنىسى بويسۇنۇشى) «ئىلمى مىزان»

باشلىنىشىدا دېيىلگەن ئىلىم ياكى تەساۋۋۇردۇر. ياكى تەستىق

دۇر» دېگەن تەساۋۋۇرنىڭ قارشىسىدىكى تەستىقلىك ئەمەستۇر.

بۇنى ئۇلارنىڭ باشقۇرۇشى «ئىبنى سىنا» بىلەن ئۇچۇق روشەن

كەلتۈردى.

ئەگەر بۇ مەنا (بويسۇنۇش، تەستىق قىلىش) بەزى كاپىرلار

غا ھاسىل بولسا، ئۇ كاپىرلارنى مۆمىن ئاتىلىش، ئۇلاردا

يالغان دەپ قارىغانلىقى ۋە ئىنكار قىلغانلىقىنىڭ ئالامىتى بولغانلىق

جەھەتتىن بولدۇ. ئۇلاردىكى بىز، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

ئېلىپ كەلگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى تەستىق قىلغان. ئۇلار تە-

سلىم بولغان، ۋە ئىقرار قىلغان ۋە ئەمەل قىلغان ئەنە شۇ

ھالەتتە تۇرۇپ، ناسارالارنىڭ دىن بەلگىسى بولغان «زۇننارى»

ئۆز ئىختىيارى بىلەن بوينىغا تاقىغان ياكى ئۆز ئىختىيارى بىلەن

بودقا سەجدە قىلغان بىر كىشىنى پەرەز قىلساق، مۇنداق.

كىشىنى كاپىر دەپ ھۆكۈم قىلىمىز. چۈنكى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام

ئاشۇ (زۇننار ئېسىشى بودقا سەجدە قىلىشى) لارنى يالغان دەپ

قارىغانلىق ۋە ئۇلار قىلغانلىقنىڭ ئالامىتى قىلغان.

مەنا يۇقۇردا سۆزلىگەن بۇ يەكۈنلەرگە بىنائەن. بۇ ئۆرۈن

(ئىمان مەسىلىسى) نىڭ ئەھمىيىتى. ئىمان مەسىلىسىدە كەلگەن

كۆپ مۈشكۈل مەسىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ يولىنى سىزگە ئاسان

لاشتۇرۇپ بېرىدۇ. سىز تەستىقنىڭ ھەققىتى (مەنىسىنىڭ ھە-

ۋەقتى) تونۇغان بولسىڭىز ئەركەنتىكى ئىمانى بىلىشىڭىز لازىم

نۇ، ئەركەنتىكى ئىمان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالا

نىڭ تەرىپىدىن ئېلىپ كەلگەن نەرسىنى تەستىق قىلىش ۋە ئۇنى تىل

بىلەن ئىقرار قىلىشتىن ئىبارەت.

يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ

ئۇنى ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلتۈرگەنلىكى بەدىھى ھالەتتە بىلى

گەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىدە چىن قەلبى بىلەن ئىجمالى ھالدا

تەستىق قىلىش. چۈنكى ئىجمالى تەستىق قىلىش ئىماننىڭ تەپسىلىن

(ھۆددىسىدىن) چىقىشقا كۇپايە قىلىدۇ، ئىجمالى ئىماننىڭ دەرى

جىسى تەپسىلى ئىماننىڭ دەرىجىسىدىن چۈشۈپ كەتمەيدۇ.

سانىڭ تائالانىڭ بارلىقىغا ۋە ئۇنىڭ زاتىنىڭ سۈپەتلىرىگە

تەستىق قىلىدىغان مۇشرىكلەر قىيامەت كۈنىدە ئېتىبارى بىلەن ئىلا

مۆمىن بولىدۇ. شەرىئەتتە مۆمىن بولمايدۇ، چۈنكى ئۇلار

نىڭ شېرىك كەلتۈرۈشى، ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىگە چوڭ تۇر-

دى، دە خىلىيە (نەسر) تىلوزگەن. بۇنىڭغا (بىرلىككە دە خىلىيە تىلوزۇشى)

ئاللاھ تائالانىڭ «ۋەما يۇئمىنۇ ئەكسەرھۇم ئىللا ۋەھۇم مۇشرى

كۈن»، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەن

ھالدا ئىمان ئېيتىدۇ) دېگەن سۆزى ئىشارەتتۇر.

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالا تەربىيەتىن ئېلىپ كەلگەننى

ئەرسىگە ئىقرار قىلىشى».

يەنى، تىل بىلەن ئىقرار قىلىش، تەستىق بىلەن ئىقرارنىڭ پەرقى

تەستىق يوقاپ كەتكەندە ئەسلا ئىھتىمال كەلتۈرمەيدىغانلىقى

ئىقرار مەجبۇرلۇق ھالەتتە يوقاپ كەتكەندە ئىھتىمال كەلتۈرگەن

دەلكى. يوقاپ كەتكەندە ئىھتىمال كەلتۈرىدۇ.

ئەگەر باشقىلار تەرىپىدىن: بۇ زىندان تەستىقمۇ باقى قالماي يو-

قاپ كېتىدۇ. مەسىلەن: ئۇخلىغاندا ياكى خەيلەتتە قالغان ھالەتتە

تەستىق كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ»، دېيىلسە بىز جاۋاپ بېرىپ دەيمىزكى:

تەستىق ئۇخلىغان ھالەتتىمۇ كەلبىدە باقى تۇرىدۇ. خەيلەتتە

قىلىش بولسا پەقەت ئۇ تەستىقنىڭ ئۆزىدىن ھاسىل قىلەلىگى

ھېس قىلىشتىن بولىدۇ. ئەگەر بولىدىكەن ئۇ خىلغاندا خەيلەتتە

قالغاندا تەستىق كۆتۈرۈلۈپ كەتتى) ىغا تەسلىم بولغان
تەقدىردىمۇ، شەرىئەت ئىگىسى، چۈنكى ئۇنىڭ زىددى قارشىسى
يۈزلەنگەن ئەمەللەشتۈرۈلگۈچىنى باقىلىق ھۆكمىدە قىلدى.
ھەتتا «دىمۇ ئىمان» لېكىن ھازىر ئىمانى ئاققان كەتكەنمۇ ئۆتكەنا
زاماندا ئاققان كەتكەنمۇ، شۇ ئىمانغا قارشى كەلگەنگە بىر
زىت. چۈنكى يۈزلەنگەن ھالەتتە ئىشىم بولدۇ. (چۈنكى، يالغانا
دېيە قارىغانلىقنىڭ ئالامىتى يۈزلەنگەنا ھالەتتە).
يۇقىرىدا مۇسەننىپ سۆزلەپ ئۆتكەندە: ئىمان - قەلبى بىلەن
تەستىق قىلىش، تىلى بىلەن ئىقرار قىلىش «دىن ئىبارەت بولغۇز
قاراشى بەزى ئۆلىمالارنىڭ مەزھىبى، يەنى ئۆممەزھەب. «ئىمام

شەمسۇ الائىممە ۋە فەخرۇ الاسلام» نىڭ ئىختىيارى.

مۇھەققىق ئالىملار، ئىمان - جىن دىلدىن تەستىق قىلىشنى

ئىبارەت ئىقرار بولسا پەقەت دۇنيادا ھۆكۈملەرنى ئىجرا قىلىش

ئۈچۈنلا شەرت تەستىق بولسا، ئەسلى ئىش بولۇپ ئۇنىڭغا بىر

ئالامەت بولۇشى لازىم قەلبىدە تەستىق قىلىپ، تىلدا ئىقرار قىلمىغان

ئادەم، گەرچە دۇنيانىڭ ھۆكۈملىرىدە مۆئمىن بولمىسىمۇ -

ئاللاھ تائالانىڭ نەزدىدە مۆئمىندۇر، تىلى بىلەن ئىقرار قىلىپ

قەلبىدە تەستىق قىلمىغان ئادەم مۇناپىقتا ئوخشىشى يۇقۇرقىنىڭ

ئەكسى بىلە يەنى، دۇنيانىڭ ھۆكۈملىرىنى ئىجرا قىلىشتا مۆئمىن

ئاللاھ تائالانىڭ نەزدىدە مۆئمىن ئەمەس» بۇنىڭغا باردى.

بۇ يۇقۇرقى كۆز قاراشلار شەيخ ئەبۇمەنسۇر ئەلماتۇرىدىنىڭ

ئىختىيارى بولۇپ، بۇنى روشەن نەسلەر كۈچلەندۈردى.

ئۇ نەسلەر تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: «ئاللاھ تائالا» اولائك

كتب في قلوبهم الايمان، ئاشۇلار، ئۇلارنىڭ قەلبلىرىدە

ئىمان يېزىلغان «وقلبه مطمئن بالايمان ئۇنىڭ قەلبى ئىمان

بىلەن ئارام ئالغان ھالەتتە» ولما يدخل الايمان في قلوبكم»

سىلەرنىڭ قەلبىڭلەرگە ھەرگىزمۇ ئىمان كىرمىدى» دېدى. بۇلارنىڭ

ھەممىسى ئىماننىڭ تەستىقتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ

ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: اللهم ثبت قلبي على-

دينك، ئى رەببىم! مېنىڭ قەلبىمنى ئۆزۈڭنىڭ دىنىڭغا راسا ئىمان

كەلتۈر(ۈشتە) مۇستەھكەم ئورۇنلاشتۇرغان، ئۇسامە
«لا اله الا الله» دېگەن كىشىنى ئۆلتۈرگەن چاغدا «سەن ئۇنىڭ
قەلبىنى يېرىپ باقتىڭمۇ؟» دېدى. بۇلارمۇ ئىماننىڭ تەستىقتىن
ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ.

ئەگەر سىز، توغرا، ئىمان تەستىق قىلىشتىن ئىبارەت لېكىن لۇغەتتە
شۇنىسى ئالىملار ئۇ تەستىقنى پەقەت تىل بىلەن بولغان
تەستىقنى تونۇيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلەر
مۇئمىنلىككە كەلىمە شاھادەت ئېيتقىنىغا قاراپلا قىلاتتى. ۋە
ئۇلارنىڭ مۇئمىن ئىكەنلىكىگە ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى ئىمانىنى سۈ-
رۈشتە قىلماستىن ھۆكۈم قىلاتتى. نېمە ئۈچۈن بۇ يەر-

دىكى ئىماندىن قەلبى بىلەن تەستىق قىلىش ئاساس قىلىنىدۇ؟
دېگەن مەنىدىكى. تەستىقتە ئېتىبار قىلىنغۇچىنىڭ قەل-
بىنىڭ ئەمەلى ئىكەنلىكىدە مەخپىيلىك يوق. ھەتتا ئەگەر بىز «تە-
ستىق» لەبزىنىڭ بىرەر مەناغا تەييارلانغانلىغىنى ياكى قەلبى
خارەكتېرلىق تەستىقنىلا غەيرىي تەييارلانغانلىغىنى پەرەز قىلساق
لوغەتشۇناسلار ۋە ئۆرپىلەردىن بىرمۇ كىشى «سەدەقتۇ، تە-
ستىقلىدىم» دىن ئىبارەت بولغان سۆزنى تەلەپپۇز قىلغان كىشىنىڭ
رەسۇلۇللانى تەستىق قىلغۇچى ۋە رەسۇلۇللاھقا ئىمان
كەلتۈرگۈچى ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلمايدۇ.
شۇنىڭ ئۈچۈن «تەستىقتا قەلبنىڭ ئەمەلى مۇئەتەبەر

بولغانلىقى ئۈچۈن) بەزى تىل بىلەن ئىقرار قىلغۇچىلاردىن ئىمان-

دىن يوق قىلىشى دورۇسى بولىدى مەسىلەن: ئاللاھ تائالا-

«ومن الناس من يقول آمنا بالله وباليوم الآخر وماهم

بمؤمنين، ئىنسانلارنىڭ ئىچىدە، بىز ئاللاھ تائالاغا ئىمان كەلتۈر-

دۇق، قىيامەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈردۇق دەيدىغان كىشىلەر(كە)

بار، ئۇلار بولسا ھەرگىز مۆئمىن ئەمەس» ۋە «قالت الا-

عراب آمنا قل لم تؤمنوا ولكن قولوا اسلمنا، ئەئرابلار

بىز ئىمان كەلتۈردۇق دېدى. دېگىن ئى مۇھەممەد! (ئەلەيھىسسالام)

سىلەر ئىمان كەلتۈرمىدىڭلار، لېكىن سىلەر بويسۇندۇق دېڭلار»

دېدى. بۇ جايدا ئۇلار تىل بىلەن ئىقرار قىلىپ تۇرسىمۇ، ئۇلاردىن

ئىمانى يوق قىلىدى.

ئەمما تىل بىلەن ئىقرار قىلغۇچى ئۆزى يالغۇز ھالەتتە، ئۆزىنىڭ
لۇغەت جەھەتتە مۇئمىن دېيىلىدۇ، زاھىر جەھەتتىن
ئۇنىڭغا ئىمانىنىڭ ھۆكۈملىرىنى ئىجرا قىلىنىدۇ، تالاشى-
تارتىشى يوق. تالاشى-تارتىشى پەقەت، ئۇ تىل بىلەن ئىقرار
قىلغۇچىنىڭ ئاللاھ تائالا بىلەن ئۆزىنىڭ ئوتتۇرىدا بولۇشتا
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن
كېيىنكى زاتلار (ساھابىلەر) كەلىمە شاھادەت ئېيتقانلىقىنىڭ
مۇئمىن ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلاتتى. شۇنىڭدەك مۇناپىقنىڭ
كاپىر ئىكەنلىكىگىمۇ ھۆكۈم قىلاتتى. ئۇلارنىڭ مۇناپىقنىڭ-

كاپىر ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلغانلىقى، ئۇلاردا تىلنىڭ ئىشى كۇپايە
قىلمايدىغانلىقىغا قاتۇردى. ۋە يەنە ئۇممەتى ئىسلامىيەنىڭ ئىج
مائىمۇ، قەلبى بىلەن تەستىق قىلغان، تىل بىلەن ئىقرار قىلماقچى
بولغانلىقى بۇ ئىككىدىن ئاجىلىق ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش سەۋەب-
لەر توسالغۇ بولالمايدىغانلىقى مۆئمىن ئىكەنلىكىگە قۇرۇلغۇ-
چىدۇر. مۆئمىنلەر ئىككى تەرەپلىك بولدىكى: ئۇلارنىڭ ھەقىقىتى، كەررا
مىيە گۇرۇھلىرىنىڭ دېگەندەك يە قەدەرىيە كەلامىيە ھادىسى ئەھمىيەسى
جۇمھۇر مۇھەددىس ئالىملار، مۇتەكەللىمىن ئالىملار، يە قە
ئالىملارنىڭ مەزھىبى «ئىمان — قەلبىن تەستىق قىلىش، تىلدا
ئىقرار قىلىش، روكنلار بىلەن ئەمەل قىلىش» بولغان ئىدى.

مۇسەننىپ بۇ مەزھەبنى ھۆججەت قىلغان سۆزىنىڭ:

«وَأَمَّا الأَعْمَالُ فَهِيَ تَتَزَايَدُ وَالإِيمَانُ لَا يَزِيدُ وَلَا يَنْقُصُ»

ئەمەل ئىبادەتلەر بولسا زىيادە بولۇپ تۇرىدۇ. (ئۆز زاتىدا) ئىمان زىيادە بولمايدۇ ۋە كېمىيىپ كەتمەيدۇ.» دېگەن ئىبارەت بۇ سۆزى بىلەن ئىبارەت قىلدى.

بۇ ئۆزرە (تائەت - ئەمەللەرنىڭ ئىماننىڭ روكنىدىن ئەمەسلىكى) دا ئىككى خىل دەلىل بولۇپ، بىرىنچى، تائەت - ئەمەللەر - ئىماننىڭ ھەقىقىتىدىن ئەمەس، چۈنكى ئىماننىڭ ھەقىقىتى پەقەت تەستىقتىنلا ئىبارەت (بۇ دەلىل يۇقىرىدا ئۆتكەن)،-

چۈنكى (2-دەلىل) كىتاب ۋە سۈننەتلەردىن باغلىنىشلىك، باغلا-

نغۇچى بىلەن ئىگە باغلانغۇچى ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا سىلىقلىق

بولۇشى، باغلانغۇچىنىڭ ئىگە باغلانغۇچىنىڭ جىنسىدىن بولماس-

لىقىنى تەقەززا قىلىدىغانلىقىغا جەزمىيەت بويىچە تونۇ قىلۇق. ئەمە-

للەرنى قىلغان كىشىلەر..... دېگەن مۇنداق مىساللار ساناپ تو-

گەتكۈسىز.

ئاللاھ تائالانىڭ: «ومن يعمل من الصالحات من ذكر او انثى

وهو مومن.....» ھەرقانداق ئەر ياكى ئايال مۆئمىن ھالەتتە

ياخشى ئەمەللەرنى قىلسا..... دېگەن ئايىتىدە كەلگەنلەردىن

ئىماننى ياخشى ئەمەللەرنىڭ دورۇس بولۇشىغا شەرت قىلىنغانلىقى

شەرت قىلغۇچىنىڭ شەرتىنىڭ ئىشقا كىرمەيدىغانلىقى بولسا

جەزمىيەت. چۈنكى بىر نەرسىنىڭ ئۆزىگە ئۆزى شەرت قىلىنىشى مۇ-

مكىن ئەمەس.

بىر شەيئىنىڭ، روكنلىرى تولۇق بولماستىن، ئەمەلىي ۋۇجۇتقا

چىقمايدىغانلىقىغا جەزمىيەت تۇرۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ: «ۋان

طا ئىفتان مىن ال مۇمىنين اقتتلوا ...... » ئەگەر مۆمىنلەر

دىن ئىككى توپ گۇرۇھ جەڭ قىلىشسا ...... » دېگەن ئايەتتە گەرچە

سىدىن ئەمەللەرنىڭ بەزىسى تەرك ئەتكەن زىمۇ ئۇلارنىڭ بىر-بىرى

جەڭلەشكەن چاغدا گۇناھ) كەلگەنلەرگە ئىمانى ئىسپاتلىنىپ كەلدى.

يوقۇرقى دەلىللەرنىڭ. ئەمەللەر، ئۆزى تەرك ئەتكۈچى ئىماندىن

چىقىپ كەتمەيدىغان ھالەتتىكى كامىل ئىماننىڭ روكنى ئىكەنلىكىگە

قايىل بولغان كىشىلەرگە ھۆججەت بولماستىن (بۇ بولسا ئىمام شا-

ئىنىڭ مەزھىبى) پەقەت، تائەت ئەمەللىرى، ئىنى تەرك ئەتكۈچى

مۆئمىن بولمايدىغان ھالەتتىكى ئىماننىڭ بىر روكنى (ئاساسى)-

قىلغان كىشىلەرگە ھۆججەت بولالايدىغانلىقى مەخپىي ئەمەس.

(بۇ بولسا مۆئتەزىلە گۇرۇھىنىڭ مەزھىبى) مۆئتەزىلە گۇرۇھىنىڭ

ئېيتقان دەلىللىرى ۋە ئۇنىڭ جاۋابلىرى يۇقۇرىدا ئۆتتى.

### ٣ = دەئۋا

ئىماننىڭ ھەقىقىتى، زىيادە بولمايدۇ، ئۇ ئېتىقادتىن كېمىيمۇ كەتمەي-

دۇ. چۈنكى ئۇ، ئىماننىڭ ھەقىقىتى، جەزمىيە تەلكىنىڭ ئەڭ چېكىگە

يەتكەن ۋە بويسۇنۇشنىڭ ئۆلچىگە يەتكەن قەلب
خاراكتېرلىق تەستىقتۇر. (بۇ دۇنيادا يۇقۇردا ئۆتتى) مۇنداق
تەستىق بۇنىڭدا زىيادە بولۇشى كېيىن كىشىنى تەساۋۋۇر
قىلمايدۇ. ھەتتاكى تەستىقنىڭ ھەقىقىتى ھاسىل بولغان
كىشى، مەيلى تائەت ئەمەللەرنى قىلسۇن ياكى قىلمىسۇن (گۇناھ
لەرنى قىلسۇن) ئۇنىڭ تەستىقى، ئۇنىڭ قەلبىدە ئۆز ھالىتى باقى
تۇرىدۇ. ئەسلا ئۆزگەرمەيدۇ.

ئىماننىڭ زىيادە ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدىغان ئايەتكەرىمەلەر
ئەبۇ ھەنىفە ئىمام ئەزەم (رھ)م سۆزلىگەن مۇنۇ يەكۈنلەر
نىڭ ئۇ بىسكە يۈكلەنگۈچىدۇر. ئۇلار بىردىن-بىر يەردە مۇئمىن

بولغان. كېيىن بىر پەرزدىن كېيىن يەنە بىر پەرزگە كەلگەن نۇقتىلار ھەر

بىر خاسسى پەرزگە ئىمان كەلتۈرەتتى بۇنىڭ ھاسىلى، ئىمان-

ڭگا ئىمان كەلتۈرۈشى ۋاجىپ بولىدىغان نەرسىلەرنىڭ زىيادە

بولىشى ئارقىلىق زىيادە بولىدۇ. بۇ (ڭگا ئىمان كەلتۈرۈشى ۋا

جىپ بولىدىغان نەرسىنىڭ زىيادە بولىشى ئارقىلىق ئىماننىڭ زىيادە

بولىشى) بولسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىنىڭ غەيرىدە

تەساۋۋۇر قىلىنمايدۇ.

يۇقۇرقى تەۋجىھتە بىر خىل خاتالىق بار. چۈنكى پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىنىڭ غەيرىدىمۇ تەپسىلىي پەرزلەرنى

بىلىش (ڭگا خەۋەردار بولۇش) مۇمكىن. ئىجمالىي بىلىنگەن-

لەردە ئىجمالى ئىمان كەلتۈرۈش ۋاجىب تەپسىلى بىلگەن

لەردە، تەپسىلى ئىمان كەلتۈرۈش ۋاجىب تەپسىلى ئىماننىڭ

زىيادىراق ۋە كامىراق ئىكەنلىكىدە ھېچ شەك يوق. ئىجمالى

ئىماننىڭ دەرىجىسى، تەپسىلى ئىماننىڭ دەرىجىسىدىن چۈشۈپ

كەتمەسلىكى (بۇ يۇقىرىدا سۆزلەنگەن) يە قەتئى تەپسىلى ئىمانغا

بىلەن سۈپەتلىنىدۇ.

ئىماننىڭ زىيادىلىقى ئۇ قۇۋۋەتلىنىدىغان ئايەتلەرگە، باشقىلار

تەرىپىدىن: ئىمان ئۈستىدىن مۇستەھكەم تۇرۇپ ئۇنىڭدا

داۋام قىلىش ھەربىر سائەتتە ئىمانغا بولغان زىيادىلىك، دەپ

مەنە بېرىلىدۇ. بۇنىڭ ھاسىلى، ئىمان زامانلارنىڭ زىيادە بولۇشى

ئارقىلىق زىيادە بولىدۇ. چۈنكى (ئەرەز) زامان ئەرەز بولغانلىقى ئۈ-

چۈن مەڭگۈ باقىي تۇرالمايدۇ، پەقەت ئۇ خۇدا تائالانىڭ يېڭىلىشى

تۇرىشى ئارقىلىق داۋام قىلىدۇ.

بۇ تەۋەججۇھتىمۇ بىر خىل خاتالىق بار. چۈنكى بىر شەيئىنى يوقالغاندىن

كېيىن ئۇنىڭ ئوخشىشىنىڭ ھاسىل بولىشى، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ زىيادىلىق بولما-

يدۇ. مەسىلەن بىر جىسمنىڭ قارىلىقى ئالماشسا، ئۇ جىسم داۋام قىل-

سىمۇ قارىلىق زىيادە بولمايدۇ.

ئىماننىڭ زىيادىلىقىنى ئۇ قۇۋۋەتلىگەنلەر ج پەتلەرگە باشقىلار تەرىپىدىن:

ئىماننىڭ زىيادە بولىشىدىن مۇراد، ئىماننىڭ مۆمىننىڭ كۆپ بولىشى

ئىماننىڭ نۇرىنىڭ قەلبدە چاقناشلىرىنىڭ زىيادە بولىشى. چۈنكى

ئىماننىڭ نۇرى ئەمەل قىلىش ئارقىلىق زىيادە بولىدۇ. گۇناھ قىلىش ئارقىلىق كېمىيىپ كېتىدۇ». تەۋجىھ ئېيتىلدى.

مەلۇم بىركى، ئەمەللەرنىڭ ئىماندىن بىر جۇزئى ئىكەنلىككە بارىدى بۇ ئىماننىڭ زىيادە بولۇشى ۋە كېمىيىپ كېتىشى قوبۇل قىلىشى زاھىر سۆزىنىڭ ئۈچۈن (زىيادىلىنىش قىسمانىنى قوبۇل قىلغانلىقى ئۈچۈن) بۇ مەسىلە (ئىماننىڭ زىيادە بولۇش مەسىلىسى). تائەت-ئەمەللەر نىڭ ئىماندىن بىر جۇزئى بولۇشىنىڭ مەسىلىسىنىڭ شاخچىسى دېيىلىدۇ.

بەزى مۇھەققىقلار، بىز تەستىقنىڭ ھەققىي زىيادە بولۇشىنى كېمىيىپ كېتىشىنى قوبۇل قىلمايدىغانلىقىغا تەسلىم بولمايمىز. بەلكى

ئىمان كۈچلۈكلۈكى ۋە ئاجىزلىق جەھەتتە پەرقلىنىدۇ. چۈنكى ھەر
بىر مۆمىننىڭ ئەشقى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەشقىغا
ئوخشايدىغانلىقى جەزمەن ئەمەس. شۇڭلاشقا ئىمان كۈچلۈكلىك ئاجىزلىقتا
پەرقلەنگەنلىكى ئۈچۈن) ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام (ئى رەببىم!
ئۆلۈكنى قانداق تىرىلدۈرىدىغانلىقىڭنى ماڭا كۆرسەتكىن، دېگەندە
ئاللاھ تائالا، سەن ئىشەنمەمسەن، دېدى. بۇ چاغدا ئىبراھىم ئەلە-
يھىسسالام، ئەلۋەتتە ئىشىنىمەن. لېكىن قەلبىم ئارام ئالغاي دېدى)
قەلبىم ئارام ئېلىشى ئۈچۈن، دېدى.
ئەمدى بۇ جايدا يەنە بىر تەتقىقات تەكشۈرۈشى قالدى. ئۇ تەكشۈ-
رۈشى بولسا بەزى قەدىرىيە گۇرۇھىدىكىلەردە ئىمان - تونۇشى

دەمەكتۇر»، غاپارغانلىقىدىن بىزنىڭ ئۇلىمالىرىمىز بولۇز قاراشىنىڭ

بوتۇنلەي بوزۇق ئىكەنلىكىگە بىر دەلىل ئىنشا قىلاشتى. «ئىمان-

تونۇشتىن ئىبارەت ئەمەس. چۈنكى ئەھلى كىتاب ۋە يەھۇدى-

ناسارالار) پەيغەمبىرىمىز ھەممەقەت ئەلەيھىسسالامنى خۇددى

ئۆزلىرىنىڭ ئوغۇللىرىنى تونۇغاندەك تونۇيتتى. شۇنداق ھالەت

تىكى ئەھۋالدا ئۇلار ھەققەتەن كۇپۇرغا ھۆكۈم قىلىندى دەلىلەتتە

چۈنكى (ج- دەلىل) كاپىرلارنىڭ ئىچىدە ھەقنى تونۇيدىغان جە-

زم قىلغان ھالەتتە، بەقەت كاززلىق قىلىپ ئۇنىڭغا ئىنكارىنى ئۇ

كىبىرى قىلغانلىقتىن ئىنكار قىلدىغانلار كەلەر بارئىدى. شۇنىڭ

ئۈچۈن ئاللاھ تائالا: «وجحدوا بها واستيقنتها-

انفسهم، ئۇلارنىڭ ئۆز ۋۇجۇدى جانلىرى ئۇ ھەقىقەتلەرنى

جەزم قىلغان ھالەتتە، ئۇلار ھەقىقەتلەرگە تاندى» دېدى.

2- سىنىڭ ئىمانى بولىشى (ئەقلىي ئىمان بولماستىن) دوروس

بولىشى ئۈچۈن، كالامنى تونۇشى، ئۇنى جەزم قىلىپ بىلىشى بىلەن

(بۇ ئەقلىي ئىمان بولمايدۇ) ئۇ كالامنى تەستىق قىلىشى ئۇنى ئىشقا-

ئا قىلىشى (بۇ ئەقلىي ئىمان بولىدۇ) پەرقىنى بايان قىلىش لازىم

بەزى مەشايىخنىڭ كالامدا سۆزلەنگەنىدە بىر قەلبدە تەستىق

مۇخبىر ئەلەيھىسسالامنىڭ خەۋەرلىرىنى بىلگەن نەرسىگە قەلبى

باغلىنىشىدىن ئىبارەت، ئۇ تەستىق، تەستىق قىلغۇچىنىڭ ئىختىيارى

بىلەن سابىت بولىدىغان كەسبى خاراكتېرلىق بىرشى، شۇنىڭ-

ئۇ چوڭ تەستىق قىلغۇچىغا ساۋاب بېرىلىدۇ.

ۋە ئۇ تەستىق (ئىمان) ئىبادەتلەر رەنگى قىلغۇ مەھبۇبەتلىك

(تونۇشنىڭ) ملايى بىلەنكى بوبەزىدىكى لەسبىز ھاسىل بوپ

قالدۇ. بىر جىمغا قارىغاندىن ئۇ نىڭغا ئۇ جىمنىڭ تامىلى-يالى

تا ئىلغى تونۇشى ھاسىل بولغان كىشىلە ئۇخشاشى.

بۇ يوقۇرىدىكى پەرق، موھەققىق ئالىملارنىڭ بەزىسى (مەۋلانا

سەدرو ئىشە (ئۆي) سوزلىگەن دە تەستىق-سىنىڭ موخبىرغا

ئۇن ئىختىيارىنىڭ بىلەن راستلىقىنى نىسبەت بېرىشتىن ئىبارەت.

ھەتتا ئاشۇ راستلىقىنى نىسبەت بېرىشى (موخبىرغا) قەلبىدە

بولسا ئىختىيارسىز، گەرچە ئۇ تونۇشى بولسىمۇ تەستىق بولـ

مايدۇ،، سۆزى.

بۇ يەكۈنمۇ مۇشكۇل چۈنكى تەستىق، ئىلمىنى قىلماقچى بولسىن

ئىلىم بولسا ئىختىيارى ئىشلاردىن ئەمەس، ئىنسانى خاراكتېرلىق

كەيپىياتلاردىن چۈنكى بىز ئىلگىرى شەيئىنىڭ ئۇستۇردا بىرىنچى ئەت

نى تەساۋۋۇر قىلساق، ئىسپاتلىنىلغان ياكى مەخپىيلەشكەن

لىكدىن ئىشەنچ قىلساق، كېيىنكى ئۇسۇلنىڭ ئىسپاتلىنىلغانلىقىغا

ھۆججەت تۇرغۇزۇلسا بىز ئەھمىيەت بولىدىغان بوسۇغۇسى،

كېيىنكى ئۇسۇلنى قوبۇل قىلساق، بۇ بولسا تەستىق، ھۆكۈم، ئىسپات

چۈشۈرۈش...، تىنىڭ مەنىسى.

توغرا، كېيىنكى كەيپىيات (ئىلىم) نى ھاسىل قىلىش، قوراللارغا.

بۋاسته قول تقش تا ئختيارىغا ر قلق، نەزەرىنى قايتو

رۇش. توسالغۇلارنى كۆتۈ ۋۇسى ئار قلق ۋە بولارغا ئوخشا.

ش ھەممىلار ھار قلق (ھا) بولدۇ.

موسۇ ئىتبار بلەن ئىمانغا تەكلىپ قلش ۋۇجۇتقا چقدۇ.

بو ئىمانغا تەكلىپ قلش، ئۇنىڭ ئختيارى كەسپى بولوشى بلەن

ئەسلى موراد بولدى. تە ستقلىك ھاسل بولغىدا تونوشى كوپايە.

قلمايدۇ، چونكى مەرتەبە (تونوشى) ئاسولار (قورالارغا بۋا

سته تقشتا ئختيار قلش، نەزەرىنى سەرىپ قلش ۋە توسالغو

لارنى كوتورو ۋۇتشى) سېزمو بولدۇ.

توغرا، ئختيار بلەن كەسپ قلنغان، جەزملك تونوشلك -

تەستق بولشى لازم كلدۇ، بو يول بلەن تەستق بولسا كرەك

يوق. چونكى بو جايدا پارسى تلدا «گرۋيدن (بوسونوشى،

تەستق)» بلەن ئبارەت كەلتورولگان مەئنا هاسل بولدۇ.

ئمان بلەن تەستقمو بونڭ (بو خلدكى «تونوشى») بلەن با-

شقا ئەمەسى. بونداق تونوشنڭ كاپرلارغا هاسل بولشى مە-

نئى قلنغوچدور. موندا ق تونوشى ئولارغا هاسل بولغانا تەق-

دىردە، ئولارنڭ كاپر بولشى، ئولارنڭ تلى بلەن ئنكار قلنغان

لغى كاپرلق، كبرنڭ ئوستدە داۋام قلغانلغى جرقلق ۋە يالغان

دەپ قارغانلقنڭ ۋە ئنكار قلغانلقنڭ ئالامتى بولغان (زنەر

سنڭ) نەرسە جرقلق بولدۇ.

# الايمان والاسلام واحد

ئىمان، ئىسلام ئىككىسى بىردۇر.

چۈنكى «ئىسلام» ھۆكۈملەرنى قوبۇل قىلىش ۋە ئاللاھقا بويسۇنۇش مەنىسىدىكى، ئۆزىنى كەمتەر تۇتۇش ۋە بويسۇنۇشتىن ئىبارەت مانا بۇ يۇقىرىدا ئۆتكەن ئەتتىفاقنا بىنائەن «تەسدىق» نىڭ ھەقىقىتى «ئىمان بىلەن ئىسلام» نىڭ بىر ئىكەنلىكى ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزى كۈچلەندۈرىدۇ: «فاخرجنا من كان فيها من المؤمنين فما وجدنا فيها غير بيت من المسلمين» بىز لۇت (ئەلەيھىسسالام) نىڭ كەنتىدىكى مۇئمىنلەر چىقاردۇق. ۋە ئۇنىڭدا بىر مۇسۇلماننىڭ ئۆيىدىن باشقا.

قىنى تاپالمىدۇق». ئايەتتىكى مۆئمىنلەر مۇسۇلمانلار بىردۇر.
دېمەك شەرىئەتتە بىرلىكتە بۇ مۆئمىن مۇسۇلمان ئەمەس
ياكى مۇسۇلمان مۆئمىن ئەمەس دەپ ھۆكۈم قىلىش دۇرۇس
بولمايدۇ. بىز ئۇ ئىككىسى (ئىمان - ئىسلام) نىڭ بىرلىكىدىن مۆئ
ئىكدىن باشقىنى خالىمايمىز (بىر-بىرىدىن ئايرىلماسلىق).
مەشايىخ رەھىمەھۇمۇللاھلارنىڭ كالامىنىڭ زاھىرى؛ ئۇلار
ئىمان بىلەن ئىسلامنىڭ ئۆزگىچىلىكى يوق قىلغىنى (ئۇلارنىڭ بىر
ئىككىلىكىنى) بىرى يەنە بىرىدىن ئاجرىمايدۇ، دېگەن مەنە بىلەن
ئىرادە قىلغان. چۈنكى ئىككىسىنىڭ بىر بولۇشى مىقدارىنى ئىرادە
قىلغان. شۇ ئىككىدىلە «كىفايە» ناملىق كىتابتا، ئىمان —

ئاللاھ تائالا خەۋەر بەرگەن بۇيرۇق قىلغان (ۋاجىپلار، مە-
ندۇبلار) ۋە نەھىيلەر (ھارام قىلىنغۇچى، مەكرۇھ قىلىنغۇچى)
دىن ئاللاھ تائالانى تەستىق قىلىشتىن ئىبارەت. «ئىسلام - ئىلاھ-
لىققا (ئاللاھنىڭ ھەر قانداق نەرسىنى ياراتقۇچى ئىكەنلىكىگە
ئىبادەتكە لايىق ئىكەنلىكىگە) ئۆزىنى خار تۇتۇش، بويسۇنۇش
تىن ئىبارەت بولۇپ بۇ بۇيرۇق ۋە نەھىيلەرنى قوبۇل قىلىش
بىلەنلا ئەمەللىشىدۇ. شۇنداق بولغاچقا ئىمان ھۆكۈم جەھە-
تتە ئىسلامدىن ئايرىلمايدۇ. بىر بىرىگە ئوخشىماسلىق بولمايدۇ
ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئوخشىماسلىق بار دەپ ئىسپاتلانغان-
ئادەمگە، «مۇئمىن بولۇپ مۇسۇلمان بولمىغان ئادەمنىڭ ھۆ-

كىمى نەمە، پاكى مۇسۇلمان بولۇپ مۇئمىن بولمىغانلىقىنىڭ ھۆكمى

نەمە دېيىلدى. ئەگەرچە ئادەم ئىلكىنىڭ بىرلە، يەنە بىرلە ئىسپاتلان-

مىغان ھۆكۈمىنى ئىسپاتلىيالىسا بىز ئۇنى تەسلىم ۋە ئۇنى قو-

بول قىلىمىز. ئەگەر ئىسپاتلىيالمىسا، ئۇنىڭ سۆزىنىڭ باتىل ئىكەنلىكى

ھەقىقەتەن ئاشكارا.» دېيىلگەن.

ئەگەر باشقا پەرىدىن؛ ئاللاھ تائالانىڭ: «قالت الاعراب

آمنا، قل لم تؤمنوا ولكن قولوا اسلمنا، سورە الحجرات

بىز ئىمان كەلتۈردۇق دېدى. سەن ئۇلارغا، سىلەر ئىمان كەلتۈر-

مىدىڭلار، ولكن بويسۇندۇق دېڭلار» دېگىن (مۇھەممەد

ئەلەيھىسسالام)» دىن ئىبارەت ئايەتنى كەلتۈرسە. ئىسلامنىڭ

ئىمانىڭىز تىلدىغانلىقىڭىز روشەن دەلىل دېيىلسە بىز جاۋاب

بېرىپ دەيمىزكى، ئەسلى مۇراد، ئەمەلدە ئېتىبار قىلىنغان

ئىسلام ئىمانىڭىز تىلىمايدۇ. بۇ ئايەت كەرىمەدىكى «ئىسلام

ئىچكى قەلبىدىن بويسۇنماستىن، تاشقى كۆرۈنۈشى بىلەن بوي

سۇنۇشى» دىن ئىبارەت ئەسلى لۇغەت مەنىسىدىن بولۇپ ئىمان

ھەققىدە ھېچ بىر نەرسە قىلماستىن «كەلىمە شاھادەت» نى ئېغىز

دا ئېيتىپ قويغۇچىلار ئورنىدا تۇرىدۇ.

ئەگەر باشقىلارغا ئەرەبچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ، الاسلام

ان تشهد ان لا اله الا الله، وان محمدا رسول الله، وتقيم

الصلوٰة وتؤتي الزكوٰة، وتصوم رمضان وتحج البيت

ان استطاع اليه سبيلا ئىسلام - بىر ئاللاھدىن باشقا
ھېچ بىر ئىلاھنىڭ يوق ئىكەنلىكىگە، مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام)
نىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋالىق بېرىش-
ناماز ئادا قىلىش، روزا تۇتۇش، ئاڭا يول جەھەتتە قادىر بول-
سا ھەج قىلىش بەيتۇللانى. لەردىن ئىبارەت،، دېگەن ھەدىسى
ئىسلامنىڭ قەلبى خاراكتېرلىق تەستىق ئەمەس، ئەمەل ئىكەن
لىكىگە دەلىل،، دېيىلسە، بىز جاۋاب بېرىپ دەيمىزكى بۇ ھەدىستىن
مۇرات. ئىسلامنىڭ مۇئن. ئالامەتلىرى ئاشۇ ئەمەللەردۇر-
دېمەكچى بۇ ئىشتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ئۆز ھوزۇرىغا
كەلگەن مەلۇم قەۋمگە: سىلەر ئاللاھ تائالاغا، ئاللاھ ياللغۇز

بولغان ھالەتتە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسى-
لەر؟ دېب سورىغاندا ئۇلار ئاللاھ تائالا (نىڭ) ۋە ئاللاھ
تائالانىڭ ئەلچىسى بىلگۈچىرەك. دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام
ئاللاھ تائالاغا يالغۇز ھالەتتە ئىمان كەلتۈرۈشنى - بىر ئاللاھ-
تائالادىن باشقا ھېچ بىر ئىلاھنىڭ يوق ئىكەنلىكىگە مۇھەممەد
(ئەلەيھىسسالام) نىڭ ئاللاھ تائالانىڭ بەرھەق ئەلچىسى ئىكەن-
لىكىگە گۇۋاھلىق بېرىش، نامازنى ئادا قىلىش، زاكاتنى بېرىش، روزا
تۇتۇش، ئولجىنىڭ بەشتىن بىر قىسمىنى بېرىش، دېدى. شۇنىڭدەك
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «الايمان بضع وسبعون شعبة
اعلاها قول «لا اله الا الله»، وادناها اماطة الاذى عن-

الطريق، ئىمان يەتمىش نەچچە شاخ بولوپ ئۇنىڭ ئەڭ ئۈستى
نى ،لااله الاالله، بىر ئاللاھدىن باشقا ھېچ بىر ئىلاھ يوق»
دېيىش ئۇنىڭ ئەڭ تۆۋىنى، يولدىكى باشقىلارغا ئازار يەتكۈزى
دىغان نەرسىلەرنى يوقىتىش ئىبارەت، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسا
لام ئىسلامنى چۈشەندۈرۈپ سۆزلىگەندە ئوتتەقلىك ھەممىسى
ئىماندىمۇ سۆزلىدى ئىسلامنىڭ موۋن، ئالامەتلىرى بولغان ئەمەل
لەرنى ئىماندىمۇ تونۇشتۇردى. دېمەك. ئىسلام بىلەن ئىماننىڭ
تۈپتىن بىرلىككەنلىكى ئېنىق).

واذا وجد من العبد التّصديق والاقرار
صح له ان يقول انا مومن حقّا.

بەندىدىن تەستىق (قەلب بىلەن) ئىقرار (تىل بىلەن) تېپىلسا

ئۇ بەندىگە، «مەن ئەلۋەتتە، ھەقىقەتەن مۆئمىن» دېيىش سەھىھ

بولىدۇ. (بۇ يەردىن ئىمان ئەمەلى ئۆچۈنتا چىقانلىقى ئۈچۈن)

«مەن ئىنشائاللاھ مۆئمىن» دېيىش لايىق بولمايدۇ، چۈنكى-

ئۇنىڭ «مەن ئەگەر ئاللاھ خالىسا مۆئمىن» دېگىنى ئۆزىنىڭ مۆئمىن

لىكىنى گۇمان قىلغانلىق جەھەتتىن بولسا، ئۇ ئادەم شەكسىز

كاپىر بولىدۇ. ئۇنىڭ «مەن ئەگەر ئاللاھ تائالا خالىسا مۆئمىن»

دېگەن سۆزى ئەدەپكە رىئايە قىلغانلىق جەھەتتىن، ياكى ئىشلارنى

ئاللاھ تائالانىڭ خالىشىغا تاپشۇرغانلىق جەھەتتىن، ياكى ھازىر

مۆئمىن ھالەتتە ئەمەس، ئاقىۋەت كەلگۈسىدىكى مۆئمىنلىقىدا

ئەمەل قىلغانلىق جەھەتتىن ياكى «ئاللاھ تائالانىڭ» ئىسمىنى سۆز

لەشنى بىلەن تەبەررۇك قىلىش ئۈچۈن ياكى ئۆز نەپسىنى بەلگىلەپ-

كۆرسىتىشتىن خالى بولۇشى ئۈچۈندۇر، ۋە ئۆز ھالى بىلەن پەخىرلى قىلى-

شتىن خالى بولۇشى ئۈچۈن، دېيىلگەن ئىدىمۇ. بۇ «ئەگەر ئاللاھ خا-

لىسا» دېگەن سۆزنى دېمەسلىك ياخشى. چۈنكى «ئەگەر ئاللاھ-

خالىسا» دېگەن سۆز ئەگىنى ۋە ھەممىلەندۇرۇپ قويىدۇ. شۇنىڭ

ئۈچۈن («ئەگەر ئاللاھ تائالا خالىسا»نى دېمەسلىك ياخشىراق-

بولغانلىقى ئۈچۈن) مۇسەننىپ «مەن ئەگەر ئاللاھ خالىسا مۇئمىن»

دېيىش لايىق بولمايدۇ. دېمەي، دۇرۇس بولمايدۇ. دېمەي.

چۈنكى «ئەگەر خالىسا» دېگەن سۆزى ئەمەل ئۈچۈن بولماسمۇ؟ دېيىشى

نىڭ دورو سىلقنى يوق قىلىشقا ھېچ قانداق مەئنا يوق. شۇڭا

قىلغانلىق جەھەتتىن بولسا «ئەگەر ئاللاھ خالىسا»نى دېيىشنىڭ

دورۇس. ئىلگىرىكى سەلەفلەرنىڭ كۆپىنچىسى ساھابە،

تابىئىنلار (رەھ) بارغان تۇرسا ئۇنى يوق قىلىشقا قانداقمۇ

مەئنا بولسۇن؟!

بۇ «مەن ئەگەر ئاللاھ خالىسا مۆئمىن» دېگەن سۆز، بىزنىڭ -

«مەن ئەگەر ئاللاھ خالىسا ياشىشى يېتىلگەن مەن» دېگەن سۆزگە ئوخ

شاشى ئەمەس. (ئەگەر ئۇ شۇنداق بولسا، شۇڭا ئۇ چۈن بولمىغان

تەقدىردىمۇ ئۇنى دېيىش پۈتۈنلەي باتىل. بىھۇدە بولاردى)

چۈنكى ياشلىق ئۇ بەندىنىڭ ئىختىيارى ئىشلىرىنىڭ جۈملىسىدىن.

ئەمەس، تەقۋادا كەلگۈسىدە ئۇنىڭدا باقى تۇرۇشى تەساۋ-

ۋۇر قىلىنغان نەرسىنىڭ جۈملىسىدىن ئەمەس ۋە ئۇنىڭ بىلەن

نەپسى ئۈستۈرۈشى ۋە بەخرى قىلىشى ھاسىل بولىنغان نەرسىنىڭ

جۈملىسىدىن ئەمەس. بەلكى ئۇ «ئەمەل ئەكبەرۇللاھ خالىسامۇئمىن»

دېگەن سۆز «ئەمەل زاھىد مۇتتەقى دورەمەن ئەكبەرۇللاھ خالىسا»

دېگەن سۆزگە ئوخشاشتۇر. (ئىمان، زاھىدلىق، تەقۋالىق، ئىخت-

يار ئەتىلگەنلىكىدىن نەرسىلەرنىڭ جۈملىسىدىن بولىنىڭ قىلىشى تەقۋادىن تە

كەلگۈسىدە، ئۈمىد قىلىدۇ. ۋە ئۇنىڭ بىلەن نەپسى ئۈستۈ

رۇشى ۋە بەخرى قىلىشى ھاسىل بولىدۇ.)

بەزى موھەققىق ئالىملار، بەندىگە ھاسىل بولغانى بەندە ئۆ-

ئار قىلىق كۆڭۈلدىن چىقىرىلغان تەستىقلاش ھەقىقى. لېكىن تەستى-

نىق ئۈچۈن نىيەتتە كۆڭلىدە ۋە ئىجرالىقنى قوبۇل قىلدۇ، نىجات

لىقا ئېرىشتۈرىلىغان. ئاڭا ئاللاھ تائالانىڭ؛ اولائك هم

المؤمنون حقا لهم درجات عند ربهم ومغفرة

و (و) رزق كريم» ئايەت ئىشارەتلەر، ئەلۋەتتە مۆمىن-

لەر دۇر. ئۇلار ئۈچۈن ئاللاھ نىڭ نەزدىدە، دەرىجىلەر ۋە

كەچۈرۈم قىلىش ياخشى رىزق بار.» سۆزى بىلەن ئىشارەت

قىلىنغان كامىل تەستىقلاش ھاسىل بولىشى ئايەت ئاللاھ-

تائالانىڭ ئالىسىدا،

بەزى ئەئىمەلەر دېدى. «مەن ئەگەر ئاللاھ تائالا خالىسا

مۆئمىندۇرمەن» دېسە، ئىماندىكى، كۆڭلىدىكى، بەخت ۋە
بەختسىزلىكلەردىكى ئېتىبار قىلىشىنىڭ، ئۆمرىنىڭ ئاياقلىشىشى بىلەن
بولغانلىقىغا بىنائەن دورۇسى بولىدۇ. ھەتتا گەرچە ئۆمرىنىڭ كۆپ
قىسمى كۇفرىنىڭ ئۈستىدە ئۆتكەن بولسىمۇ، كېيىن ئىماننىڭ ئۈستىدە
ئۆلۈپ كەتكەن ئادەم بەختلىك مۆئمىن. ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمى
تەقۋا ۋە تائەتنىڭ ئۈستىدە ئۆتكەن بولسىمۇ كېيىن كۇفرىنىڭ
ئۈستىدە ئۆلۈپ (مۇنىڭدىن ئاللاھ ساقلىسۇن، ئاللاھنىڭ پاناھىغا
قاچىمىز) كەتكەن ئادەم بەختسىز (شەقى) بولىدۇ. ئەلا ئاللاھ
تائالانىڭ: ئىبلىس شەيتان ھەققىدىكى، «وكان من الكافرين
ئىبلىس كاپىرلارنىڭ جۈملىسىدىن بولغان ئىدى.» سۆزى ۋە-

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ : السعيد من سعد في بطنه-
امه، والشقي من شقي في بطن امه. بەختلىك كىشى، ئانى-
سىنىڭ قورسىقىدا بەختلىك بولغان كىشى» دېگەن سۆزى بىلەن ئىشا-
رەت قىلغان نەرسىگە بىنائەن، «قاتارلىقلار نەقلە قىلغان ئىدى
ئۆنى زىمان-كۆپرى. ساقادەت-شاقاۋەت» لەردىن پەرقى
نەتىجىسى ئېتىبار قىلىدۇ (يەنى) باتىل قىلىشقا موسەببىب ئۆزىنىڭ.

«والسعيد قد يشقى والشقي قد يسعد»

بەختلىك كىشى بەزىدە ئەمەلدىن قايتىپ كېتىش (ئاللاھ ساقلىسۇن
بولىدىغان قاچىمىز) ئارقىلىق بەختسىز بولۇپ قالىدۇ. بەختسىز كىشى
بەزىدە كاپىرلىقتىن كېيىن ئىمان كەلتۈرۈشى ئارقىلىق بەختلىك

بولدى. ئۇنى كۆرۈش سائادەت ۋە شاقاۋەتنىڭ ئۈستىگە

بولدى. ئاللاھ تائالانىڭ سۆيۈتى بولغان «سائادە»، شقاء،

غا ئۇنى كۆرۈش بولمايدۇ. (بۇ ئىككىسىنىڭ سۆيەت بولغىنى «سائاد

سائادەتنى ۋۇجۇتقا چىقىرىدىغان تەكۈنى، شقاء، شاقاۋەتنى

ۋۇجۇتقا چىقىرىدىغان تەكۈنى) قەدىرنىڭ ھادىسقا مەنسۇپ بولماي-

دىغانلىقى ئۈچۈن. ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاللاھ تائالانىڭ سۆ-

پەتلىرىگە ئۇنى كۆرۈش يۈز كەلتۈرمەيدۇ.» دېگەن سۆزى بىلەن

ئىشارەت قىلدى.

ھەقا سۆز. مەنادا ھېچ يوق. (مەن ئەگەر ئاللاھ تائالا خالىسا

مۆئمىن» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىدۇر) چۈنكى ئەگەر ئىمان سائادەت

بىلەن پەقەت مەنىنىڭ ھاسىل بولىشىنى ئىرادە قىلىنسا، مۇنداق
ئىمان بىلەن سائادەت، ھازىرقى مۇسۇ ھالەتتە ھاسىلدۇر،
ئەگەر ئىمان بىلەن سائادەت (بىلەن) دىن ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىجابەت
لىق. مۇئەللەق تەرتىپ بىرىلگەن (ئۇرۇنلاشتۇرۇلغان) ئەرسە-
ئىرادە قىلىنسا، بۇ ئاللاھ تائالانىڭ خالىشىدا، بولۇپ ئۇنىڭ ھازىر
ھاسىل بولىشىغا جەزىم يوق. ئىماننىڭ ھاسىل ئىكەنلىگىگە جەزىم
قىلغان ئادەم بىرىنچىسى (پەقەت مەنىنىڭ ھاسىل بولىشى) ئىرا-
دە قىلدى. ھاسىل بولىشىنى ئاللاھ تائالانىڭ خالىشىغا تاپشۇر-
غان ئادەم ئىككىنچىسى (ئاتا ئىجابەت، مۇئەللەق تەرتىپ بىرىلگەن)-
ئىرادە قىلدى.

5 — دفتر

# وفي ارسال الرسل حكمة

پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىشتە چوڭ ھېكمەت بار.

رسل: رسالة، سۆزىدىن «فعول» ۋەزنىدە ياساپ چىقىلغان «رسول» نىڭ كۆپلۈك سانى. رسالة، بەندىنىڭ ئاللاھ تائالا ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئەقىل ئىگىسى بولغان مەخلۇقلارنىڭ ئوتتۇرىدا ئەل-چىلىك قىلىشىدىن ئىبارەت. چۈنكى ئاللاھ تائالا، شۇ بەندىسى پەيغەمبىرى قىلىپ ئەۋەتىش ئارقىلىق ئۇ ئەقىل ئىگىسى بولغان مەخلۇقلارنىڭ- ئۇ ئىشلاردىن ئۇلارنىڭ ئەقىللىرى كامىل يەتمىگەن دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ پايدىلىرىدىكى كەملىكلىرىنى يوقىتىدۇ. بىز «رسول» نىڭ مەنىسى كىتابنىڭ باشىدا تونۇپ ئۆتكەن. (رسول، مۇتلەق خاس نەبى

مۇتلەق ئام)

پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىشتە كاتتا ھېكمەت بار.

يەنى، ئۇنىڭدا بەندىلەر ئېرىشىدىغان ياخشىلىق ۋە ماختالغۇچى

ئاقىۋىتى بار. بۇ سۆزدە پەيغەمبەر ئەۋەتىش، ئاللاھ تائالانىڭ

ئۈستىگە ۋاجىپ»، دېگەن مەنا بىلەن ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالا

نىڭ ھېكمىتى (ھېكىملىق سۈپىتى)، پەيغەمبەر ئەۋەتىشتە ھېكمەت ۋە

ياخشىلىق بولغانلىق جەھەتتىن، پەيغەمبەر ئەۋەتىشنى تەقەززا قىل

غان»، دېگەن مەنە بىلەن ۋا (پەيغەمبەر ئەۋەتىش) جىق ئىكەنلىكىگە

پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىش سەمئىيە ۋە بەراھىيە (بۇتپەرەس

لەر) گۇرۇھلىرى ئويلىغاندەك توسۇپتىلغۇچى» (ئۇلار-

ئاللاھنىڭ پەيغەمبەر ئۈممىتى مۇكەممەل ئەمەس. چۈنكى ئەگەر

ئاندىن دېگەندىن ئاللاھ باشقىلاردىن ياردەم سورىدى. باشقىلارغا

موھتاج دېگەنلىك بولىدۇ. دېيىدۇ) ئەمەسلىكى، پەيغەمبەر-

ئۈممىتى پەرزى مۇتلەق ئىلمىي ئالىملار دېمەك ئاكا بارغاندەك ھەرئىككى

تەرىپى (ئۈممەتنى ياكى ئۈممەتتە سەلىك) بار ۋە مۇكەممەل ئەمەس

لىكىگە ئىشارەت قىلىش بار.

ئاندىن كېيىن مۇسۇلمان، پەيغەمبەر ئۈممىتىنىڭ ۋۇجۇدىغا-

(ۋۇجۇدقا ئىشارەت قىلغان يول بىلەن) پەيغەمبەر ئۈممىتىنىڭ

ثابت

پايدىسىغا، ۋە ئۇنىڭ سابىت بولۇشىنىڭ يولىغا پەيغەمبەرلىكى سابىت

مۇستەھكەم بولغان بەزى پەيغەمبەرلەرنى تەيىن قىلىشقا ئىشارەت

قىلدى. ۋە مۇنداق دېدى:

«وقد ارسل الله تعالى رسلا ...»

ئاللاھ تائالا ھەقىقەتەن، ئىنسان جىنسىدىن بولغان پەيغەمبەرلەرنى ئىنسانغا، ئۇلارغا كەلتۈرگەن، ئىنسانلار قىلغانلىرىغا چۈشىنەتتى ۋە ساۋاب. ئۇ جۈملىدىن خۇشخەۋەر بەرگۈچى بولغان ھالەتتە كاپىر ۋە گۇناھكارلارنى، دوزاخ بىلەن ۋە ئازاب ئوقۇبەت بىلەن قورقاتقۇچى بولغان ھالەتتە ئەۋەتتى، جەننەت ساۋاب بىلەن خۇشخەۋەر بېرىشى، دوزاخ، ئازاب بىلەن قورقۇتۇشى ئاللاھ ئۇ قىلىشقا ھېچقانداق بىر يولى يوق نەرسىلەرنىڭ چۈشەنمىسىن ئەگەر ئۇ قىلىشقا يولى بولغان ئەقىدىسىگە ئاساستى-

ئىچكى ئېتىقادىي نەزەرلەر ئارقىلىق بولىدۇ -دە ئاسانلىقچە

ھاسىل بولمايدۇ. ھاسىل بولغاندىمۇ بىرەر ئەسىردە- بىرسى،

ئۆتكەندىن كېيىن يەنە بىرسىگە ھاسىل بولىشى مۇمكىن) ۋە كىشىلەرگە

كىشىلەرگە ئۇلار مۇھتاج بولىدىغان دىن ۋە دۇنيا ئىشلىرىنى بايان

قىلىپ چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان بولغان ھالەتتە ئەۋەتتى.

ئاللاھ تائالا، جەننەتنى، دوزاخنى ياراتتى، ۋە ئۇ ئىشلاردىن سا-

ۋاب، ئازابلارنى تەييارلىدى. بۇ ئىشلارنىڭ تەپسىلى ئەھۋاللىرى:

ۋە بىرىنچى (جەننەتتە ۋە ئۆتكەندىكى ساۋاب) تەكشۈرۈشنىڭ يولى، ئىككى-

نچى (دوزاختا ئۆتكەندىكى ئازاب) دىن ساقلىنىشنىڭ يولى...، قاتار

لىقلار. ئەقىل ئۆزىنى مۇستەقىل تونۇپ بىلەلەيدىغان نەرسە (تو-

تۇپ بىلەن يېزىلغان) نەرسىنىڭ جۈملىدىن. شۇنىڭدەك-
ئاللاھ تائالا پايدىلىق جىسىملەرنىڭ ياراتتى، زىيانلىق جىسىم-
لەرنىڭ ياراتتى ۋە ئەقىل ھەس قىلغۇچىلار (ئەزا بەدىنى) غا،
ئۇ ئىككىسىنى (پايدىلىق جىسىم، زىيانلىق جىسىم) تونۇپ بىلىشكە مۇ-
ستە قىللىقنى قىلدى. شۇنىڭغا ئوخشاشى، ئاللاھ تائالا ئۇ-
نىڭ ئەقلىگە تەربىيەنىڭ بىرىنچە جەزم قىلىشقا يول يوق بولغان مۇ-
مكىن ھۆكۈملىرىنى، ۋاجىب ھۆكۈملىرىنى (دائىم نەزەر قىلغان
دىن كېيىن ئاشكارا بولىدىغان) پاك ئىنسان ئۇنىڭ بىلەن مەسئ-
ئول بولسا، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ كۆپ پايدىلىرى بىكارچى بوپ-
كەتكەن ھالەتتە كامىل تەتقىقات قىلىش بىلەن ئاشكارا-

بولىدىغان مۇمتەز ھۆكۈملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھۆكۈملەر

نى قىلدى، ئاشۇ مەسىلىلەرنى بايان قىلىپ بېرىش ئۈچۈن -

ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەۋەتكەنلىكى. ئاللاھ تائالانىڭ:

«وما ارسلناك الا رحمة للعالمين بىز سىنى پەقەت پۈتۈن ئالەم

گە رەھمەت قىلغانلىق جەھەتتىن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق»

دېگىنىدەك ئاللاھ تائالانىڭ كاتتا پەزلى ۋە رەھمىتىدۇر.

ئاللاھ تائالا ئۇلار (پەيغەمبەرلەر) نى، دۇنيانىڭ ئادەت قانۇنىنى

بۇزۇپ تاشلايدىغان مۆجىزىلەر ئارقىلىق كۈچلەندۈردى.

مۆجىزات: مۆجىزە نىڭ كۆپلۈك سانى. مۆجىزە پەيغەمبەر

لىك دەۋاسى قىلغۇچىنىڭ قولىدا، پەيغەمبەرگە ئىنكار قىلغۇچىلار

ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرە قىلغان چاغدا، ئىنكار قىلغۇچىلارنى ئۇنىڭ ئوخشىشىنى كەلتۈرۈشتىن ئاجىز قىلدۇرغان يول بىلەن ئادەتنىڭ (قارشىدا) خىلاپى بىلەن ئاشكارا بولىدىغان ئىشتۇر.

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەرنى مۆجىزىلەر ئارقىلىق كۈچلەندۈردى چۈنكى ئەگەر ئۇلارنى مۆجىزە بىلەن كۈچلەندۈرۈش بولمايدىغان بولسا ئۇلارنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلىش ئەلۋەتتە ۋاجىب بولمايتتى. ۋە پەيغەمبەرلىك (دەۋاسىدا) راست سۆزلىگۈچى يالغان سۆزلىگۈچىدىن ئاشكارا بولمايتتى.

مۆجىزە ئاشكارا بولغاندا پەيغەمبەرنىڭ راستچىللىقىغا جەزم

قىلىش، موجىزە ئاشكارا بولغاندىن كېيىن ئاللاھ تائالانىڭ -
»را سىلىقنى يارىتىپ بەرمەسلىكى ئۆز نەپسىگە قارىغاندا مۇمكىن
بولسىمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ يارىتىپ بەرىشىدىن ئىبارەت ئادەتتىنىڭ
جارى بولۇشى يولى ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ. بۇ موجىزە ئاشكارا
بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ «را سىلىقنى بىلىشنىڭ ئادەتتىنىڭ يولى ئارقىلىق
ھاسىل بولىشى) بولسا مىسالغا ئوخشاش. «كىشىلەر تويلىشىۋاتقان مەج-
لىستە بىركىشى، مەن بۇ پادىشاھنىڭ ئەلچىسى دەپ، سىلەرگە ئۆزۈن تىلەن)
دەئۋا قىلغان ئادەمدىن كېيىن پادىشاھقا ئەگەر مەن موشۇ سىلىنىڭ ئەل-
چىلىرى ئىكەنلىكىمدە راس بولسام ئىسلە ئادەتلىرىڭنى بۇزۇپ-
مىنىڭ سۆزۈمگە ئىسپات ئۈچۈن ئورنۇڭدىن ئۈچ قېتىم تۇرۇپ بەر-

سله دسه پادشاه ئۆرندن تورسا ئۆنلك سوزنكه بنائن

سۆ تويلا شقان كتله ركه ، ئۆنلك سوزندن (مەنامو سۆ پادشاه

ئەلچى دىكەنا سوزندن) رامس ئلك ئلكنى بلشى (ئادىن قارالگتو

لق بەدىصى بلشى) هاسل بولدۇ گەرچە ئۆكشنك ئۆزنكه قارى

غاندا يالغان سوزلى مومكن بولسمو چونكى بزنك ئۆهود-

تا ئنك ئالتونغا ئايلنشى ئۆنلك ئۆزنكه قارىغاندا مومكن

تورو قلوق ئۆنلك ئالتونغا ئايلنغا نلقنى بلكه نمزگه ئۆزى

شاشى ئه قلنك دوروسى دىپ قارشى بلمن بولغان زاتى موم-

كن للك . بردە - بر سەۋاب ئار قلق جەوز ملله هاسل (جەوز

ملله بلمنك) بولغا قارشى كەلمەيدۇ .

شۇنىڭدىن بۇ جايدا (موجىزە ئاشكارا بولغاندىن كېيىن) پەيغەمبەر

نىڭ راستچىللىقىنى بىلىش ئادەتنىڭ كەلتۈرۈپ چىقىرىشى ئارقىلىق

ھاسىل بولىدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەتتە ھېس ئەزالىرىغا ئوخشاش بىلىش

يوللىرىنىڭ بىرى. موجىزە ئاشكارا بولغاندىن كېيىن ئادەتنىڭ يولى-

ئارقىلىق پەيغەمبەرنىڭ راستلىقىنى جەزىم قىلىپ بىلىشكە، ئۇنىڭ قىز-

زىقلىقىدىن ئىبارەتتە ھېسسى بەدىھى بىلگەنگە. ئۇنىڭ قىزىق بولماس-

لىقىنى ئەرباز قىلىشى مۇھاللىق لازىم كەلمەيدۇ. مەسىلەن ئۇنىڭ مغىبكى

قىزىق بولماسلىقىنىڭ مۇمكىنلىكى دەخلى (تەسىر) قىلمىغاندەك مۆ-

جىزىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ يېرىدىن بولۇشىنىڭ مۇمكىنلىكى ئۇ-

موجىزىنىڭ ئەستىن قىلىپ بۇ چۈن بولۇشىنىڭ مۇمكىنلىكى ۋە موتلىدىن

ئەمەسلىكىنىڭ مۇمكىنلىكى، يەنى يالغانچىنى تەسدىق قىلىش

ئوچۇن

باشقا ئېھتىماللار دەخلى قىلمايدۇ.

## اول الانبياء آدم و آخرهم محمد صلى الله عليه و سلم

پەيغەمبەرلەرنىڭ بىرىنچىسى ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالام، ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر.

ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى، ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا باشقا پەيغەمبەرنىڭ يوقلىقى ئېنىقلىقىغا جەزم قىلىش بىلەن - تۇرۇپ ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇلغانلىقى ۋە نەھى قىلىنغانلىقى ئاللاھ تائالانىڭ: اسكن انت وزوجك الجنة ولا تقربا هذه الشجرة «سەن ئايالىڭ بىلەن جەننەتتە تۇر، ۋە بۇ ~~دەرەخكە~~ درخگە يېقىن كەلمەڭلەر» دېگەن ئايەتى كەرىمەسىدىن ئادەم ئەلەيھىس-

-سالام بويرۇلغانلىقى ۋە (ئۇ قۇرئان دىگەن كىتاب ئارقىلىق سا-

بىت. چۈنكى مۇنداق ھالەتتىكى بويرۇق (ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن

باشقا پەيغەمبەر يوق ھالەتتە) ۋە تۇرمۇشنىڭ ھەممىلىكىگە كېرى-

بىلەن بولمايدۇ. شۇنىڭدەك ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر-

لىكى، رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسلىرى ۋە ئۈممىتى ئىسلامىيەنىڭ ئىتتىپاقى

ئارقىلىق سابىت. بەزى گورۇھلاردىن نەقىل قىلىنغان نەرسە (بەزىلەر

ئادەم ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ئەمەس، دېيىشكەن) سەۋەبلىك

ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىنكار قىلغۇچى كاپىر بولىدۇ.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى ھەققانىي سابىتتۇر.

چۈنكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرلىكىنى ئىسپاتلىغان مۆ-

جىزە ئاشكارا قىلدى. موھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى
ئىسپاتلانغان مۆجىزىلەرنىڭ «مۇتەۋاتىر» دەرىجىگە يەتكەنلى-
كى ھەقىقەتەن بىلىندى. ئەمما «موھەممەد ئەلەيھىسسالام» نىڭ
مۆجىزە ئاشكارا قىلغانلىقى ئىككى تۈرلۈك دەلىل بىلەن سابىتتۇر.
1. موھەممەد ئەلەيھىسسالام، ئاللاھ تائالانىڭ كالامىنى ئاشكارا
قىلدى. ۋە ئۇ «ئاللاھ تائالانىڭ كالامى» دەپ قىلىق ھەممىدىن كامىل
يېتەكچى بەلىغ ئالىملار بىلەن مۇنازىرىلەشتى (سەنلەر بۇ ئاللاھ تائالا
نىڭ كالامى. ئاللاھنىڭ كالامى ئەمەس. موھەممەد ئۆزى توقۇپ
دېسەڭلار، قۇرئاننىڭ سۈرىلىرىنىڭ ئەڭ قىسقىسىنىڭ ئوخشا-
ھەبت- بالاغەتتە تەڭ كېلەلىگۈدەك بىر كالامنى كەلتۈرۈپ بېقىڭ.

دەپ ئۇلار بىلەن مۇنازىرىلەشكەن. شۇ چاغدا، پۈتۈن دۇنيادىكى

ئەرەب شائىر، كاتىپ، يازغۇچىلار، كاتتا چوڭ ئالىملىرى 600 كىشى

يىغىلىپ ئالتە ئاي ئۆزلىرىنىڭ ئىلىم-تەپەككۇرلىرىنى ئىشقا-

سېلىپ، قۇرئاننىڭ «قۇل ھۇۋەللاھۇ ئەھەد» چاغلىق قىسقا

سۈرىسىنىڭ پاساھىتىگە توغرا كېلەلىگۈدەك بىرەر سۆز ئىجاد قىلال-

مىغان. بۇ گەپنى ئۇستازىمىز دەرستە ئېيتىپ ئۆتكەن) ئۇلار قۇرئان

بىلەن مۇنازىرىلەشكەندە قاتتىق مەغلۇپ بولۇپ، ھەتتا ئۆز جانلىرىنى

ئۆز يولىدا پىدا قىلغان تۇرۇقلۇق، قۇرئاننىڭ ئەڭ قىسقا سۈ-

رىسى بىلەن تارتىشىشتىن (ئۇنى ئىجاد قىلىپ) ئاجىز كەلدى. ئەمدى

ئۇلار، ئاللاھنىڭ كالامى بىلەن، ئۇنىڭ بارا ۋەردە سۆز ئىجاد

قىلىپ قارىشى تورىدىن يۈز ئۆرۈپ قىلىچلارغا قىلىچ جەڭ قىلىش-
قا كىرىشتى.» ئاللاھ تائالانىڭ كالامى بىلەن قارشىلىشىشقا قوز-
غالغان تۈرلۈك سەۋەبلەر كامىل تۇرۇپ ئۇلارنىڭ ھېچ بىرىدىن
ھازىرغىچە، قۇرئاننىڭ ئەڭ قىسقا سۈرىسىگىمۇ ئوخشاش ئايەت ياسالا-
مىغانلىقى يېقىن بولالمىغانلىقى بىر نەرسىنى كەلتۈرگەنلىكى نەقىل قىلىنمىدى
ئەسۇ قۇرئان بىلەن قارشىلاشقۇچىلارنىڭ، ئۇنىڭدىن ئەڭ قىسقا
بىر سۈرىنىڭ ئوخشىشىنى كەلتۈرۈشتىن ئاجىز كەلگەنلىكى ئۇلۇغ قۇر-
ئاننىڭ، ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىدىن كەلتۈرۈلگەنلىكىنى ئۇقتۇ-
رىدۇ. «قۇرئان» نىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىدىن كەلتۈرۈل-
گەنلىكى تونۇشى ئارقىلىق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزى

ئە پەيغەمبەرلىكنى ئىسپاتلىغانلىقىدا راستلىقى، ئادەت خاراكتېرلىق
بىلىنى تەرسىزدىن بىلدۇ. بۇ ئادەت خاراكتېرلىق بىلىمدىن باشقا
ئادەت خاراكتېرلىق بىلىملەرنىڭ ھالىغا بىنائەن، ئەقلى ئېھتىماللار
دىن بىردىن-بىر ئېھتىمالدىن خىلى يەتكۈزمەيدۇ.
٢- ئۇلۇغ سەۋرى ئالەم رەسۇلۇللاھدىن ئەلى، رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ
باتۇرلۇقى، ھاتەمى تەيىنىڭ سېخىلىقىغا ئوخشاش، گەرچە ئۇنىڭ
تەپسىلاتلىرى يەككە-يەككە بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن مەقسەت قىلىنغان
ئورتاق مىقدار «موجىزىنىڭ ئاشكارا بولۇشى» مۇتەۋاتىر دەرى
جىگە يەتكەن. دۇنيانىڭ قانۇنىنى بۇزۇپ تاشلايدىغان ئىشلار
ئەقلى قىلىنىدۇ، بولار بولسا «سىيەر» كىتابلىرى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەھۋالى

سالامنىڭ تەرجىمىھالى» لىرىدىن سۆزلەنگەن،

بەسىرەت (ھەقىقىي كۆرۈنۈش) ئىگىلىرى، مۇھەممەد ئەلەيھىس

سالامنىڭ پەيغەمبەرلىككە بەزىدىن مۇنداق ئىلگىرى خىل يولىدىن

دەلىل كەلتۈرىدۇ. ئى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەم-

بەر بولىشىنى، ئىلگىرىكى ۋەدە پەيغەمبەرلىكنى ئۆزىگە ئىسپاتلاپ،

كىشىلەرنى ھەققە دەۋەت قىلغان ۋاقتىكى ۋە ئۇ پەيغەمبەرلىكى
حقّه

كامىل ئۇمۇملاشقاندىن كېيىنكى، ئىنجىلدە گۈزەل سۈپەتلىرى....

قاتارلىق ئەھۋاللىرىنىڭ مۇتەۋاتىر دەرىجىگە يەتكەنلىكى، ۋە رە-

سۇلۇللاھنىڭ ئۇلۇغ ئەخلاقلىرى ھەقىقەتلىرىنىڭ ئاتقۇتىدىن

كىشىلەر ئۈچۈن ياخشى خۇلق بار) ھۆكۈملىرى، باتۇر كىشىلەر قېچىپ

كۈلۈۋاتقان ھالەتتە رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا قاراپ ئىچكىرلەپ

كىرگەنلىكى. ھەممە ئەھۋاللاردىن ئاللاھ تائالانىڭ ساقلىشىغا

ئىشەنگەنلىكى (ئىشەنگەنلىكى) ھەر قورقۇنچلۇق ئەھۋاللاردا رەسۇ-

لۇللاھنىڭ دۈشمەنلىرى ئالدىدا ئۈستى قاتتىق، رەسۇلۇللاھ ھەققىدە

تەنە قىلىشقا ناھايىتى ھېرىس تۇرۇپ، رەسۇلۇللاھدا ھېچ بىر تەنەنى

تاپالمايدىغان رەسۇلۇللاھقا (غا) دەخلى يەتكۈزۈشكە ھېچ بىر يول

(تاپالمىغانلىقى) تاپالمايدىغان ھالەتتە ئۆز ھالىتىدىن ھېچ بىر-

ئۆزگەرمەي، شۇ ھالدا سابىت تۇرغانلىقى. ※ ئەقىل، بۇنىڭلار

نىڭ پەيغەمبەرلەرنىڭ غەيرىدىن جۇشقۇنلىقىنىڭ مۇمكىن ئەمەس

لىكىگە، ۋە ئاللاھ تائالانىڭ مۇسۇ كالاماتلىرىنى ئۆزى ئۆزىنىڭ

كالا

ئاللاھقا يالغاننى توقۇيدىغان كىشى خلە نلگنى بىلگەن كىشىنىڭ

ھەققىدە جوكلىتىشنىڭ ۋە ئۇ كىشىگە 23 يىل روخسەت بېرىپ

ئاندىن ئۇنىڭ دىنىنى بارلىق دىنىنىڭ ئۈستىگە غالىپ بېرىشنىڭ ۋە-

ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئۇ كىشىگە دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلى-

ۋېلىشى ئۈچۈن ياردەم بېرىشنىڭ ئۇ كىشى ۋاپات تاپقاندىن كېيىن

ئۇنىڭ ئەسەر، يوللىرىنى قىيامەت كۈنىگىچە ئەمەليا قىلىشنىڭ مۇم-

كىن ئەمەسلىكىگە ئەقلىي نەتىجە جەزم قىلىدۇ.

2. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام «پەيغەمبەر» لىكىدىن ئىبارەت بول-

جولك كاتتا ئىشى. ئۇلارغا ھېچقانداق كىتاب بولمىغان، ئۇلار بىلەن

ھېچقانداق ئىلمى قەۋملەرنىڭ زىشىنىڭ ئوتتۇرىسىدا

ئۆزىگە ئىشىنىلدى، ئۇلارغا كىتابنى ھېكمەتنى بايان قىلىپ بەردى

ۋە ئۇلارغا ھۆكۈملەرنى شەرىئەتلەرنى ئۆگەتتى، گۈزەل ئەخلاق

لەرنى كامىل قىلىپ بەردى. ۋە كۆپلىگەن ئىلمى ۋە ئەمەلىي پەزىلەت

لەردە كامىل يېتىشتۈرۈپ بەردى. پۈتۈن ئالەمنى ئىمان ۋە ياخشى

ئىشلارغا قىلىق يورۇتتى. ئۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىنى

ئاللاھ تائالا ھەممە دىنلارنىڭ ئۈستىگە، ئۆزى ۋەدە قىلغان دەك

(ئاللاھ تائالا شۇنداق ۋەدە قىلغان) غالىب قىلدى. رەسۇلۇللاھ

ۋە پەيغەمبەرلىكنىڭ مۇشۇنىڭدىن باشقا مەنىسى يوق.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى سابىت بولسا ئۇ،

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كالامى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئۇل

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرۈلگەن كالامى ئۇلـ

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ، بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈگەن

چى ئىكەنلىكى ئۇ قۇرئاندا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ

ھەممە ئىنسانلارغا بەلكى ئىنسان ۋە جىنغا پەيغەمبەر ئىكەنلىكى

ھەققەتەن ئۇ قۇرئاندا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ، بارلىق

پەيغەمبەرلەر ئاخىرقى ئىكەنلىكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ

پەيغەمبەرلىكى ئەرەبكىلا خاس بولماي ئىكەنلىكى (بەزى ناسارا

لار ئويلىغاندەك) ساپىت بولدى.

ئەگەر باشقىلار تەرىپىدىن، ھەدىستە ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ -

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن چۈشىدىغانلىقى كەلتۈرۈلسە، بۇنىڭ

نا، موھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرلەرنىڭ توگەنچىسى بول-
مايدۇ. دېمەك بىز جاۋاب بېرىپ دېيەمىزكى توغرا ئىسا ئەلەي-
ھىسسالام موھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن چۈشىدۇ. لېكىن ئۇ-
ئىسا ئەلەيھىسسالام موھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىدۇ. چۈنكى ئىسا
ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتى، ھەققەتەن بۇزۇلۇپ كەتكەن ئىسا ئەلەي-
ھىسسالامغا قايتا ۋەھيى ۋە شەرىئەتنى تىكلىشى بولمايدۇ، بەلكى
موھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئورۇنباسار خەلىپىسى بولىدۇ. ئەڭ
سەھىراق سۆز: ئىسا ئەلەيھىسسالام كېلەر بىلەن نامازنى قوي-
صحى راى ١٢
دۇ، ۋە ئۇلارغا ئىمام بولىدۇ. ئىمام مەھدى ئىسا ئەلەيھىسسا-
لامغا ئىقتىدا قىلىدۇ. چۈنكى ئىسا ئەۋزەل بولغانلىقى ئۈچۈن.

تامام بولسى ئەۋلا. (ياخشى).

# ۆقدروى بيان كدهم

بەزى ھەدىسلەردە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئومومى سانىنىڭ بايانى رىۋا-
يەت قىلىنىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن، پەيغەمبەرلەرنىڭ سانى توغرىسىدا
سورالغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام. بىر يۈز يىگىرمە تۆت-
مىڭ (124000) دەپ جاۋاب بەرگەنلىكى يەنە بىر رىۋايەتتە ئىككى-
يۈز يىگىرمە تۆت مىڭ (224000) دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان.

ئەۋلا مۇۋاپىقراق سۆز، ئۇلارنىڭ ئاتائىتا مۇئەييەن بىر سانغا توخ-
تاتماسلىق لازىم. چۈنكى ئاللاھ تائالا؛ منهم من قصصنا عليك

ومنهم من لم نقصص عليك، ئۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىچىدىن
بىز ساڭا سۆزلەپ بەرگەنلىرى بار، ۋە ساڭا سۆزلەپ بەرمىگەن پەي-
غەمبەرلەرمۇ بار،» دېدى. پەيغەمبەرلەرنىڭ سانىنى سۆزلىگەندە
بىز سۆزلىگەن سان ئۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ سانىدىن كۆپرەك بولۇپ
قالسا پەيغەمبەر ئەمەس كىشىلەرنى پەيغەمبەرلەرنىڭ قاتارىغا-
كىرگۈزۈپ قىلىشتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. ئەگەر بىز سۆزلىگەن سان
ئۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ سانىدىن ئاز بولۇپ قالسا، پەيغەمبەر بولغان
كىشىلەرنى، پەيغەمبەرلەرنىڭ قاتارىدىن چىقىرىۋېتىشتىن ساقلا-
نىپ قالغىلى بولمايدۇ.
يەنى، خەبەرى ۋاھىد (بىرلا كىشىلا رىۋايەت قىلغان ھەدىس) —

«ئۇسۇلى فىقھى» دا سۆزلەنگەن شەرتلەر (سەككىز شەرت بولۇپ تۆت شەرتى مۇخبىردا، تۆت شەرتى خەۋەردە) نىڭ ھەممىسى ئۇنى ئىچىگە ئالغان تەقدىردە پەقەت گۇماننى پايدىلەيدۇ.

گۇمان «ئېتىقادىي» مەسىلىلەردە خۇسۇسەن ئۇ گۇمان-رىۋايەتنىڭ بىر بىرىگە ئوخشىماسلىقى ئۆز ئىچىگە ئەپ قالغان ئۇ گۇمان كەلتۈرۈپ چىقارغان مەسىلىگە قايىل بولۇشى بىزنى پەيغەمبەرلەرنىڭ رەسۇلۇللاھنى بىرلىكتە ئىنكارىدىن ئىبارەت.

كىتاب (قۇرئان) نىڭ زاھىرىغا قارشى چىقىشنى پايدىلەيدىغان نەرسىنىڭ جۈملىسىن بوپ قالغان ۋاقتا ئېتىبار قىلمايدۇ (بۇيەردىكى گۇمان ئىككى خىل رىۋايەتنىڭ ئوخشىماسلىقى

ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ۋە شۇ گۇمان، كەلتۈرۈپ چىقارغان پەيغەم-
بەرلەرنىڭ سانىنى توختۇتۇشقا قايىل بولۇشنى كىتابنىڭ زاھىرى
غا قارشىلىق قىلىشنى ئىپادىلەيدىغان نەرسىلەرنىڭ جۈملىسىدىن-
بولۇپ قالىدۇ.) بۇ جايدىكى خەبىرى ۋاھىد «ساناق ئىشلار-
نىڭ چوشەنچىسىدە خاس بولۇپ ئارتۇق-كام بولۇشقا ئېھ-
تىمال كەلتۈرمەيدۇ» دېگەن قائىدىگە بىنائەن، پەيغەمبەر
قاعده
ئەمەس كىشىلەرنى پەيغەمبەر دېيىش ساناشنى، پەيغەمبەر بولغان
كىشىلەرنى پەيغەمبەر ئەمەس دېيىش ساناشنى» دىن ئىبارەت. ئە-
مەلىيەتتە قارشى بولۇپ قىلىشنى ئېھتىمال كەلتۈرىدۇ.
ئۆپە يغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالا ھەققىدە خەۋەر بەر-

ئەلچى ۋە تەبلىغ قىلغۇچى (جۇڭلۇق بويىچە پەيغەمبەرلىكنىڭ

مەنىسى) ئىدى، ئىنسانلارغا ئەۋەتىلىشى ۋە پەيغەمبەرلىكنىڭ پاي-

دىسى باشقا بولماسلىقى ئۈچۈن ھەممە كىشىلەرگە راست سۆز-

لىگۈچى ۋە ئۇلارغا خەير-خاھلىق قىلغۇچى ئىدى.

پەيغەمبەرلەر ئۇلارنىڭ ھەممىسى راست سۆزلىگۈچى ئىدى دېگەن

ئىبارەتتۇر بۇ سۆزدىن پەيغەمبەرلەرنىڭ يالغانچىلىقتىن ساقلى-

نىپ قالغۇچى، خۇسۇسەن شەرىئەتلەرنىڭ ئىچىدا ھۆكۈملەر-

نى يەتكۈزۈشتە ئۇممەتلىرىنى توغرا يولغا باشلاش ئىشلىرىدا قىدار

بولۇنغان ئىشلاردا يالغانچىلىقتىن ساقلانغۇچى ئىكەنلىكىگە

ئىشارەت بار. پەيغەمبەرلەرنىڭ قەستەن يالغانچىلىقتىن ساق.

لانغۇچى ئىكەنلىكى ئۇممىتى ئىسلامىيەنىڭ ئىتتىپاقى ئارقىلىق سابىت
سەھۋەنلىك يول بىلەن يالغانچىلىقتىن ساقلانغۇچى ئىكەنلىكى
كۆپىنچە ئالىملارنىڭ كۆز قارىشىدا سابىتلىكى بىرەر گۇرۇھلار
سەھۋەن يالغانچىلىق قىلىش مۇمكىن دېيىدۇ.
ئۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ مۇنداق (ھۆكۈملىرى يەتكۈزۈش ۋە باشقىلار
دا يالغانچىلىق قىلىش) دىن باشقا گۇناھلاردىن ساقلىنىش قىلىش
ھەققىدە تەپسىلاتلار بار. (پەرقلىنىشى) ئۇ تەپسىلاتلار تۆۋەندىكى
كىتابتىن ئىبارەت. ٦. ئۇ پەيغەمبەرلەر ئۇممىتى ئىسلامىيەنىڭ
بىردەك ئىتتىپاق قىلىش ئارقىلىق ئۇلارغا پەيغەمبەرلىك ۋەھىي كېلى
شىدىن ئىلگىرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن كۇپۇردىن ساقلانغۇچىدۇر.

ئۇنىڭدىن ئۇ پەيغەمبەرلەر ۋە ھېچ كىلغۇچىسى ئىلگىرى ۋە ئۇنىڭدىن
كېيىن چوڭ گۇناھلارنى قەستەن قىلغۇچىنى ساقلانغۇچى دوزاخ.
بولغۇچى ۋە ھەرىن ئىلگىرى. كېيىن چوڭ گۇناھ ساقلانغۇچى دوزاخ)
«ھەشۋىييە» گورۇھىغا قارىتى كەلدى.

ھەقىقەتەن ئۇ مۇسۇلمانلىق (تالاش - تارتىش) «چوڭ گۇناھلارنى
قەستەن قىلغۇچى» نىڭ مۇتلەق ئەھلى سۈننەتكى دىنلىن چىقارغانلىق
ساقلانامدۇ؟ ياكى ئۇ قىلىق دىنلىن چىقارغانمۇ» دا. ئۇ ئىشلەرنىڭ
مۇتەققىقلىرى بولغانلارنىڭ ھەممىسى سەمىگى دىنلىن چىقارغانلىق ساقلانغان
دېيىشتى. مۇئتەزىلە گورۇھى، بۇنىڭ مۇتلەق ئەھلى سۈننەتكى ئۇ قىلى
دىنلىن چىقارغانلىق ساقلانغان. چۈنكى چوڭ گۇناھنى قىلغۇچى ئۇلاردىن

نەپرەتلىنىشنى ۋە ئۇلارغا بويسۇنماسلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىش بولمايدۇ. ئەمما

چوڭ گۇناھلارنى سەھۋەن قىلىپ سېلىش كۆپ ئالىملار بويىچە دۇرۇس

دەپ قارىلىدۇ. ئەمما كىچىك گۇناھلار بولسا، جۇمھۇر ئالىملارنىڭ

كۆز قارىشىغا بويىچە پەيغەمبەرلەرنىڭ قەستەن قىلىشى دۇرۇس، بۇ

كەپ جۇببائى ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىگە قارشى كەلدى.

ئۇلۇغ چەكلەپ بىرىپ بولغاندىن كېيىن، ئىككى كۆرمەستە بىر تال

دانىنى ئېلىۋېلىش ۋە بىر لوقما تائامنى ئىككى كۆرمەستە ئوغۇرلاپ

يېگەنگە ئوخشاش پەسلەشكەنلىكنى ئۇقتۇرىدىغانلىرىدىن باشقا كىچىك

گۇناھلارنى سەھۋەن قىلىپ سېلىشى ھەممە يەرنىڭ ئىتتىپاقى بىلەن

بىردەك دورۇسى.

لېكىن مۇھەققىق ئالىملار، پەيغەمبەرلەر كىچىك گۇناھنى قىلىدىغان چاغدا ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى ۋە ئاللاھنىڭ دورۇسلىقىنى ئېتىراپ قىلدى. بولارنىڭ (كىچىك گۇناھنى قەستەن قىلىشى، سەھۋەن قىلىشى توسو لوقى ئاللاھنىڭ دورۇسلوقى) ھەممىسى ۋەھىدىن كېيىنكى ئەھۋاللارغا قارىتىلغان، ئەمما ۋەھىدىن ئىلگىرى بولسا، چوڭ گۇناھنىڭ سادىر بولىشىنىڭ مۇمكىن [ئەمەسلىكىگە دەلىل يوق.] مۇتەزىلە گۇرۇھى، پەيغەمبەرلەردىن چوڭ گۇناھنىڭ سادىر بولىشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ئۇ چوڭ گۇناھنى قىلىش ئۇلارغا ئەگەشكەن توسقان نەپرەتلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ — دەپ پەيغەمبەرلىك ئەۋەتىلگەنلىكنىڭ ھىكمىتى ياقتۇ.

لىقى بۇ قاپ كېتىدۇ، غا بارىدى.

ھەققا چۇلا بەسەكەپ ئانا بىلەن زىنا قىلىشىدۇ، دەھشەتلىك قەبىھ-

گۇناھ، بەزىكە ئىشلىگىنى ئۇ قۇرۇدىغان كېچىلە گۇناھلارغا ئۇ خىيانىتى

نەپرەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى توسۇشى.

ئىشكۇرۇسىلىرى، بەيغەمبەرلەردىن جۇلا كېچىلە گۇناھلارنىڭ ۋە

ھەدىس ئىشلىرى ۋە ئۇ ئىشلىدىن كېيىن بولۇشىنى مەنئى قىلدى لېكىن ئۇلار

جابانسا قىلاپ قىلىچ ئۈچۈن كۆپرىنك قىلىنىشىنى دوروس قىلدى.

بۇ قۇرئاندا ھەقىقەتلەر مۇستەھكەم ئورۇنلاشقاندىن كېيىن بەيغەم-

بەرلەردىن نەقلى قىلىنغان يالغانچىلىقنى ياكى گۇناھ قىلغانلىقنى

بىلدۈرىدىغان نەرسەلەرنىڭ، يەككە يول بىلەن نەقلى قىلىنغان

لىرى بۇتۇنلەي مەردۇد (رەت قىلىنغۇچىدۇر) تەۋاتۇر يولى ھار
قىلۋى نەقلى قىلىنغانلىرى ئەگەر مۇمكىن بولسا زاھىر لەپزىدىن
قايتۇرۇلۇپ تەئۋىل قىلىنغۇچىدۇر، ۋە ئەگەر ئۇنىڭ زاھىرىدىن
قايتۇرۇش مۇمكىن بولمىسا مۇۋاپىقى تەرك ئەتكەنلىككە
يا ئۇنىڭ ۋەھىيدىن ئىكەنلىكى بولغانلىقىغا قارىتىلغۇچىدۇر. بۇ تەت-
قىقاتلارنىڭ تەپسىلاتلىرى كېلە يېتىپ يېزىلغان كىتابلاردا مەزكۇر
دۇر.

## وأفضل الأنبياء محمد عليه السلام

ھەممە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەپزىلى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر.
چۈنكى ئاللاھ تائالا «كنتم خير أمة أخرجت للناس» مەز-

مۇنى ئېلار (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇممەتلىرى) ھەممە

ئۇممەتلەرنىڭ ياخشىسى بولدۇڭلار» دېدى. ئۇممەتلەرنىڭ، دېمەك

كامىل تېگى مىقدارى بىلەن باھالىغاندا ئۇممەتلەردىن ياخشى بولىشى ئۆز

لىرى ئۇلار ئەگەشكەن پەيغەمبىرىنىڭ كامىل بولۇشىغا باغلىق ئەگەشكەنلىكى

دىن ئىكەنلىكى بولۇپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەممە پەيغەمبەرلەر

نىڭ ئەڭ ئۇلۇغى ئىكەنلىكىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «ئانا سەييىدۇ ۋەلەد-

ئادەم ۋەلا فەخرە، مەنا: ئادەم ئەۋلادىنىڭ ھەممىسىنىڭ خوجىسى.

مەن بولىمەن پەخىرلەنمەيمەن»، دېگەن سۆزى بىلەن دەلىللەنگە-

رۇشەن ئىپادىدۇر. چۈنكى بۇ ھەدىس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ

ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن ئەڭ ئۇلۇغ ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

بەلكى ئادەم ئەلەيھىسسالام نىڭ ئەۋلادىنىڭ ئەجىزلىكى ئىكەنلىكىنى

ئوقتۇردى.

# والملائكة عباد الله

پەرىشتىلەر ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرى بولۇپ ئاللاھ تائالانىڭ

مۇنۇ ‹‹ لا يسبقونه بالقول وهم بامره يعملون ›› ئۇلار (پەرى-

شتىلەر) سۆزلەشتە ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىغا ئۆتمەيدۇ (ئاللاھ-

نىڭ روخسىتىز) ۋە ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇغىغا ئەمەل-

قىلىدۇ ‹‹ ولا يستكبرون عن عبادته ولا يستحسرون ›› ئۇلار

ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشتىن كىبىرى قىلمايدۇ ۋە ھېرىمۇ

قالمايدۇ ›› سۆزلىرىگە بىنائەن ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇغىغا

ئەمەل قىلمىغۇچىدۇر.

پەرىشتىلەر ئەرلىك ۋە ئاياللىق جىنسى بىلەن سۈپەتلەنمەيدۇ
چۈنكى بۇ ھەقتە نەقلىي دەلىل كەلمىگەن ھەم ئەقلمۇ بۇنى ئۇقۇ-
رالمايدۇ، بەزى بۇتپەرەسلەرنىڭ «پەرىشتىلەر ئاللاھ تائالانىڭ
قىزلىرى» دەۋالغىنى پۈتۈنلەي باتىل بولۇپ، پەرىشتىلەرنى ئۇلۇغ-
دەپ بىلىشتە ھەددىدىن ئاشقانلىق. شۇنىڭدەك يەھۇدىيلارنىڭ
مۇنۇ «پەرىشتىلەرنىڭ بىردە-بىر چوڭ گۇناھ قىلىپ قالدى. بەلكى
كۇپرىنىمۇ قىلىپ قالدى. مۇنداق گۇناھ قىلغانلىرىنى ئاللاھ تائالا
سۈرىتىنى ئۆزگەرتىۋېتىش ئارقىلىق جازالايدۇ» دېگەن سۆزى
ئۇ(پەرىشتىلەر)لارنىڭ ھالىنى ئاددى چاغلاشتا ھەددىدىن ئاش-

قانلىق.

ئەگەر باشقىلار تەربىيىسى. ئىبلىس شەيتان ئاللاھ تائالانىڭ
مۇنۇ سۆزىدە « فسجد الملائكة كلهم اجمعون الا ابليس
استكبر وكان من الكافرين » پەرىشتىلەرنىڭ ھەممىسى بىردەك
سەجدە قىلدى. مەگەر ئىبلىس تەكەببۇرلۇق قىلىپ سەجدە قىلمىدى
ۋە كاپىرلارنىڭ جۈملىسىدىن بولغان ئىدى » پەرىشتىلەرنىڭ قاتارى
دىن مۇستەسنا قىلىپ چىقارغانلىقىنىڭ دەلىلى بىلەن پەرىشتىلەر
نىڭ جىنسىدىن تۇرۇپ، كاپىر بولدى ئەمەسمۇ؟ دېيىلسە بىز جاۋاب
بېرىپ دەيمىزكى يا قاتاردا ئەمەس (سۆزدىكىدەك پەرىشتىلەرنىڭ
جىنسىدىن ئەمەس) بەلكى ئۇ ئىبلىس جىنلارنىڭ قاتارىدىن ئىدى.

ۋە ئۇ رەببىنىڭ بۇيرۇقىدىن چىقتى. لېكىن ئۇ ئىبلىس شەيتاننىڭ

باشىدا دەرىجىنىڭ كۆتۈرۈلىشىدىن پەرىشتىلەرنىڭ سۈپىتىدە بولغانىدى.

ۋە پەرىشتىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا يوگۇلۇپ قالغان بىرلا جىن بولغانىدى.

ئۇ ئىبلىسنى پەرىشتىلەرنىڭ ئىچىدىن مۇستەسنا قىلىش (سەۋەبى) بىر-

بىرىگە غالىب قىلىش يولى بىلەن سەۋەب بولدى.

ئەمما ھارۇت ۋە مارۇت بولسا، بۇ ئىككىسى ھەقدىكى سەھرا قايەكوبا

بۇ ئىككىسى پەرىشتە بولۇپ بۇلاردىن كۆپرەك چوڭ گۇناھ مۇسادىر

بولغان بۇ ئىككىسىنى ئازابلاش پەقەت، پەيغەمبەرلەر ھەققىدە چەت

ئەلگە كەلگەنگە بىنائەن ۋەسۋەسە قىلغانلىقىغا بىنائەن ئاگاھلاندۇرۇل

سەھۋ ١٢

غاندىلا، ئاگاھلاندۇرۇش يولىغا بىنائەن بۇ ئىككىسى كىشىلەر ۋە ئاز-

نەسىھەت قىلاتتى. ۋە ئىبلىس ھەققەتەن شەيتان. سەن كاپىر بولما

دەيتتى. سەۋرىنى تۈگۈنچە كوپىرلىق بولۇق بەلكى ئۇ سەۋرىنى راست

دەپ ئىشەنگەنلىكى قىلىشى ۋە ئاخىرقى ئەمەل قىلىشتا.

## والله تعالى كتب انزلها . . . . .

ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە چۈشۈرگەن، ئۆز تىلدا ئۆزى

نىڭ بويرۇقىنى (پەيغەمبەرلىرى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەختلىك بولۇش

يولىغان ئىشلارغا) ۋە مەنئىي (پەيغەمبەرگە دۇنياۋى ئاخىرەتتە زىيان

سالىدىغان ئىشلاردىن) ۋە ۋەدىسى (مۆئمىنلەرگە جەننەت ساۋاب

ۋەئىدىسى

بىلەن قىلغان) قورقۇتۇشنى (كاپىرلارغا ئاخىرەتتە قىلغۇچىلارغا

ئاسىيلەرگە دوزاخ، ئازاب بىلەن) بايان قىلغان كىتابلىرى بار.

ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ كالامى. ئاللاھ تائالانىڭ كالامى

بىر كالامنىڭ بىرنەچچە بولىقى ۋە بىر-بىرىدىن بەرقلىق بولىقى يە قەدا

قىرائەت قىلىپ ئوقۇلغان ۋە ئاڭلانغانلا نەزمىدىلا. موشۇ

(ئىبارىدىكى كىتابلارنىڭ ئەبزىلى «قۇرئان» بولدى

ئاندىن «تەۋرات» ئاندىن «ئىنجىل» ئاندىن «زەبۇر» ئۈستۈندە

«قۇرئان» بىرلا كالام بولۇپ ئۇنىڭدا بىر-بىرىدىن بەزىلەتلىك

قىلىشقا سارىۋۇر قىلىنمايدۇ. ئاندىن كېيىن ئۇقۇشى ۋە يېزىشى

(ئۇقۇلغۇچى ۋە يېزىلغۇچى) ئىبارىدىكى سۈرىلەرنىڭ بەزىسى

ھەددىسىدە كەلگەندەك ئەبزەل بولىشى دۇرۇس. ئۇ بەزى سۈرىنىڭ

ئەبزەل بولىشى ھەققىدە. ئۇ بەزى / ھە ئىبەئە تىلگەندەك بولغانلىقى

منفعة سوره

جەھەتتىن ئۇنى قىرائەت قىلىش ئەۋزەل ياكى ئۇ بەزى سۈرىدىن
ئاللاھ تائالانىڭ زىكرى كۆپرەك بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى قىرا
ئەت قىلىش ئەۋزەل. ئاندىن باشقا كىتابلار. قۇرئاننىڭ-
كېلىشى ئارقىلىق ئۇ كىتابلارنى تىلاۋەت قىلىش ۋە ئۇلارنى يېزىش
ۋە ئۇ ئول كىتابلەرنىڭ بەزى ھۆكۈملىرى ھەققەتەن بوزۇلدى.
(باتىل بولدى).

## والمعراج لرسول الله عليه السلام ....

رەسۇلۇللاھنىڭ، ئۆزى ئويغاق ھالەتتە ئۆز شەخسى-
شخصيتى٣
بىلەن (جەسەدى) ئاسمانغا چىققانلىقى. ئاندىن (ئاسمانغا-
چىقىپ بولغاندىن كېيىن) ئاللاھ تائالا خالىغان ئالىي جايغا

چىققانلىقى ھەققىدە،

يەنى رەسۇلۇللاھنىڭ ئاسمانغا چىققانلىقىنى ئوچۇق ئىنكار قىلغۇچى
مۇبتەدىئ (ئەھلى سۈننەتنىڭ جۈملىسىدىن گۇمراھلىق-
بىلەن چىقىپ كەتكۈچى) بولىدىغان دەرىجىدىكى مەشھۇر خەۋەر
بىلەن ساۋابىت. رەسۇلۇللاھنىڭ ئاسمانغا چىققانلىقىغا ئىنكار
قىلىش ۋە ئۇنىڭ مۇھاللىقىنى دەۋا قىلىشنىڭ قورولمىسى پەقەت
پەلسەپە ئالىملىرىنىڭ «ئاسماننىڭ يېرىلىشى ۋە قايتا قوۋۇشۇشى-
مۇمكىن ئەمەس» دىن ئىبارەت باتىل ئۇسۇلى. ئەگەر بۇنىڭغا-
ئىنكار قىلىش ۋە ئۇنىڭ مۇھاللىقىنى دەۋا قىلىشنىڭ قورولمىسى
پەلسەپە ئالىملىرىنىڭ ئۇسۇلى دەسەيدىغان بولساق ئاسماننىڭ

يېرىلىشى ۋە قوۋۇشۇشى دۇرۇس. جىسىملارنىڭ ھەممىسى-

ئوخشىشىدۇ. بىر جىسىمغا دۇرۇس بولغان نەرسە ھەممىگە دۇرۇس

بولىدۇ. (زېمىننىڭ يېرىلىشى دۇرۇس. شۇ ئارقىلىق ئاسماننىڭ

يېرىلىشمۇ دۇرۇس) ۋە ھەم ئاللاھ (تائالانىڭ) تائالا مۇمكىنا-

تلارنىڭ ھەممىسىگە قادىر. ئاسماننى يارسا ئەلۋەتتە يارالايدۇ.

مۇسەننىفنىڭ «رەسۇلۇللاھنىڭ ئويغاق ھالەتتە.....» دېگەن

سۆزى. ئاللاھ تائالانىڭ «وما جعلنا الرؤيا التي اريناك الا-

فتنة للناس. بىز ساڭا كۆرسەتكەن چۈشنى كىشىلەرگە ئىمتىھان

دىن باشقا نەرسە قىلمىدۇق» دېگەن ئايەتتىكى كۆرسەتكە

ۋە مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن. رەسۇلۇللاھنىڭ مىئراجىدىن

سورالغاندا «رەسۇلۇللاھنىڭ مىراجى، ناھايىتى روشەن ياخشى
چۈش ئىدى، دەپ جاۋاب بەرگەنلىكى، رىۋايەت قىلىنغانلىقىغا ئۇن-
ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن «رەسۇلۇللاھنىڭ جەسەدى. مىراج
كېچىسى يوقالمىغان ئىدى» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغانلىقىغا بىنائەن
رەسۇلۇللاھنىڭ ئاسمانغا چىققانلىقى چۈشىدە بولغان ئىدى»
دەپ ئويلاپ قالغان كىشىلەرنىڭ رەددىيە بەرگەنلىكىگە ئىشارەت،
بۇ كىشىلەرنىڭ ئايەتتە ھەدىس بىلەن كەلتۈرگەن دەلىلىگە مۇناس-
جاۋاب بېرىلدى. «ئايەتتە كەلتۈرۈلگەن «الرؤيا» دىن مۇراد كۆز
بىلەن كۆرۈش» يەنى «بىز ساڭا كۆرسەتكەننى كۆز بىلەن كۆرۈشنى
كىشىلەرگە ئىمتىھاندىن باشقا نەرسە قىلمىدۇق» ئائىشە رەزىيە-

للاھۇ ئەنھا نىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جەسەدى مىئراج

كېچىسى يوقالمىغان ئىدى،» دېگىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ-

جەسەدى (ھېچ يوقالمىغان ئىدى) بەلكى ئۇ جەسەدى روھ بىلەن
بوزروغىنى

بىرگە بولمىغان ئىدى دېمەك مىئراج روھ ۋە جىسىم ھەر ئىككىسى بىلە بولغان

مۇسەننىفنىڭ «رەسۇلۇللاھ نىڭ مىئراجغا چىققانلىقى رەسۇلۇ-

للاھ ئويغاق ھالەتتە ۋە ئۆز شەخسى جىسمى بىلەن......»

دېگەن سۆزى «رەسۇلۇللاھنىڭ مىئراجغا چىققانلىقى پەقەت

روھى ئۈچۈن بولغان جەسەدى چىقمىغان» دەپ ئويلاپ قالغان

كىشىلەرگە رەددىيە بەرگەنلىكتە ئىشارەت.

«مىئراج» نىڭ چۈشتە بولغانلىقى ياكى جىسىم بىلەن بولماي روھ

بىلەن بولغانلىقى، ئاڭا پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىنغان مەسىلىلەر

نىڭ جۈملىسىدىن ئەمەسلىكى مەخپىي قالمايدۇ. كاپىرلار بۇ مىئراج

ئىشقا ئەڭ چوڭ تۈردە ئىنكار قىلدى. بەلكى ئىشەنچى ئاجىز مۇسۇ-

لمانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئاشۇ سەۋەب بىلەن «مۇرتەد» بولۇپ كەتتى.

مۇسەننىڭ «رەسۇلۇللاھ نىڭ مىئراجغا چىققانلىقى ئويغاق-

ھالەتتە، ئۆز تەنى بىلەن ئاسمانغا...» دېگەن سۆزى-

مۇقەددەس كىتاب سۆزلىگەن «سبحان الذى اسرى بعبده-

ليلا من المسجد الحرام الى المسجد الاقصى، بىر كېچىدە

ئۆزىنىڭ بەندىسىنى مەسجىد ھەرەمدىن مەسجىدى ئاقساغا-

سەير قىلدۇرغان زات ھەممىدىن پاكتۇر» ھەققىتىگە بىنائەن

رەسۇلۇللاھ نىڭ مېراجى « بەيتۇلمۇقەددەس » دىن

باشقا (ئويغاق ھالەتتىكى مېراج) ئەرشكە بولغان » دىب

ئويلاپ قالغان كىشىلەرگە رەددىيە بەرگەنلىككە ئىشارەت.

مۇسەننىفنىڭ « رەسۇلۇللاھ نىڭ مېراجغا چىققانلىقى ......

ئاندىن ئاللاھ تائالا خالىغان ئالىي جايلارغا چىققانلىقى ...... » دىن

ئىبارەت سۆزى. سەلەپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ سۆز-

لىرىنىڭ بىر بىرىگە ئوخشىمايدىغان ھەرخىل ئىكەنلىكىگە ئىشارەت.

ئۇ ھەرخىل سۆزلەر « جەننەتكە چىقتى » مۇ دېيىلدى. « ئەرشكە-

چىقتى » مۇ دېيىلدى. « ئەرشنىڭ ئۈستىگە چىقتى » مۇ دېيىلدى.

« ئالەمنىڭ ئەڭ چېتىگە چىقتى » مۇ دېيىلدى. رەسۇلۇللاھنىڭ

مەسجىد لھەرەمدىن. مەسجىد ئەلئەقساغا كېچىدە سەير قىل-

دۇرۇلغانلىقى «قۇرئان» بىلەن سابىت بولغانلىقى ئۈچۈن ئەسەس-

ھەقىقەت. زېمىندىن ئاسمانغا ئۆرلىگەنلىكى مەشھۇردۇر.

ئاسماندىن جەننەتكە ياكى ئەرشكە ۋە بولارنىڭ غەيرىگە بارغانلىقى

يەككە-يەككە خەبەرى ۋاھىد دۇر. ئاندىن كېيىنسىنى ھەقىقەتتىن

يەكۈن بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رەببىنى پەقەت قەلبى بىلەنلا-

كۆردى كۆزى بىلەن كۆرمىدى.

## واه وكرامات الاولياء حق

ۋەلى: ئاللاھ تائالانى مۇمكىن بولغان مىقداردا تونۇغۇچى-

تائەت-ئىبادەتلەرنى داۋاملاشتۇرغۇچى، چوڭ-كىچىك گۇناھ

لەردىن ساقلانغۇچى، لەززەت - ئىشرەت تىلەردىن جۇمۇپ-
كەتكەن يۈز ئۆرۈگۈچى دىن ئىبارەت تۆت خىل سۈپەت ئۇنىڭدا-
تېپىلغان ئىكەن.

ۋەلىلىك كارامىتى، ۋەلى تەربىيەسىن ئادەتتىن بۇزۇپ تاشلايدىغان
ئىشلار، پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلماستىن ئاشكارا بولسا.-
ئىمان ۋە ياخشى ئىشلار بىلەن بىللە بولمىغان، ئادەتتىن بۇزۇپ-
تاشلايدىغان ئىشى «ئىستىدراج» بولىدۇ. (ئاللاھ تائالانىڭ بويى
ئۆز يولىدا دەرىجىمۇ دەرىجە ئۈستۈرۈپ بېرىشى) پەيغەمبەرلىك-
دەۋاسى قىلىش بىلەن بىللە بولغان ئادەتتىن بۇزۇپ تاشلايدى-
غان. ئىشلار مۆجىزە بولىدۇ.

كارامەتنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە دەلىلى، كۆپ ساھابىلەردىن ۋە-
لىلەردىن كۆپ ئۆتكەن تابىئىنلەردىن، ھېچكىم ئىنكار قىلىش مۇمكىن
بولمايدىغان. خۇسۇسەن، ئەرەپچە تەبىئەتلىرى ھاد (جزى ۋاھد) خبرى
بولسىمۇ «كارامەت»نىڭ ئورتاق ئىنكار قىلىش مۇمكىن
بولمايدىغان ھالەتتىكى «مۇتەۋاتىر» دەرىجىسىگە يەتكەن رىۋا-
يەتلەر. ۋە يەنە كىتابىمىز، كارامەتنىڭ، مەريەم ئەلەيھىسسا-
لامدىن ۋە سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەزىرىدىن ئاشكا-
را بولغانلىقىنى سۆزلەپ تۇرۇپتۇ. «كارامەت»نىڭ ۋۇجۇتقا-
چىققانلىقىنى ئىسپاتلىغاندىن كېيىن دۇرۇسلىقىنى ئىسپاتلاشقا-
ھېچ قانداق ھاجەت يوق.

چىندىن كېيىن موسەننىپ، كارامەتنىڭ تەبىرىگە ۋە ئۇ كارا-
مەتنىڭ ناھايىتى بەلەن يىراق دېيىپ قارىلىدىغانلىقىغا قىلدى).
بەزى جوز ئىلىرىنىڭ تەبىلاتىغا ئىشارەت قىلدىغان نەرسىنىڭ
ھەممىسىنى كەلتۈردى. ۋە موندا قدىدى: كارامەت ۋەلىغا، چاد-
تىنى بوزوش يولىغا بىنائەن چىقىكارا بولىدۇ. ئۇ چادىر تىلەرىنى بۇ-
زىدىغان كارامەتلەر مونۇلاردىن ئىبارەت، مەشھور رىۋايەتتە
كە بىنائەن چىسف ئىبنى يورخىيا، سولايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ
ۋەزىرىنىڭ چارلىقتىكى موسايەسىنىچە يىراقتا تۇرۇپ كۆزىنى-
ئۇ يا قىتىن بۇ ياققا قايتۇرۇپ بولۇشىدىن ئىلگىرى، بىلقىس خېنىم
نىڭ تەختىنى كەلتۈرۈپ بولغىنى ئۇ خىتائىسى يىراقموسا-

بى قىسقا مۇددەت ئىچىدە بېسىپ بولۇشى. مەريەم ئەلەيھىسسالام

نىڭ ھەققىدە، زەكەرىيا ئەلەيھىسسالام قانداق ۋاختا مېھراب-

قا كىرسە مەريەم ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا رىزىقنى كۆرەتتى.

ۋە: بۇ رىزىق ساڭا نەدىن كەلدى؟ دەپ سورىغاندا بۇ رىزىق

ئاللاھ تائالانىڭ ھوزۇرىدىن كەلدى. دەيتتى، مۇشۇنىڭغا ئوخشاش

ھاجەت چۈشكەندە كەم ئىچىملىك. تاماقلارنىڭ زاھىر بولۇشى

كۆپ ئەۋلىيالاردىن نەقىل قىلىنغاندەك سۇنىڭ ئۈستىدە مېڭىشى

جەئفەر ئىبنى ئەبى تالىب ۋە ئۇلۇقمان ئۇرەسە رەھىمىھى ۋە بۇلارنىڭ

غەيرىدىن نەقىل قىلىنغاندەك ھاۋادا ئۇچۇشى. جانىۋارلارنىڭ

سۆزلىشى ۋە تىلسىز ھايۋانلارنىڭ سۆزلىشى. ئەمما جانىۋارلارنىڭ

سۆزلىنى، سەلمان، ۋە ئەبۇ دەرداننىڭ ئالدىدا بىر قاچا بار

ئىدى. بۇ قاچا تەسبىھ ئېيتتى. ئۇ ئىككىيلەن بۇ قاچىنىڭ تەسب-

ھىنى) تەسبىھىنى ئاڭلىغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان. ئەمما قاچا-

(تىلسىز) ھايۋانلارنىڭ سۆزلىگى بولسا، ئەسھابۇلكەھفنىڭ

ئىتى سۆزلىگەنگە ئوخشاش. شۇنىڭدەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسا

لامنىڭ: «مەلۇم بىر كۈنى بىر ئادەم كالىنى ھەيدەپ كېتىۋېتىپ ئۇنىڭغا

كۆپ يۈكلەرنى ئارتتى. كالا ئۇشتۇمتۇت بۇ ئادەمگە قاراپ: «مەن

مۇنداق يۈك كۆتۈرۈش ئۈچۈن يارىتىلمىدىم، پەقەت دېھقانچىلىق

قىلىش ئۈچۈنلا يارىتىلدىم دېدى — دەپ كىشىلەر ھەيران بولۇشۇپ،

سۇبھانئاللا كالىمۇ سۆزلەيدىكەنغۇ! دېيىشكەنتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «مەن بۇنىڭغا شاھىدىم» دېگەنلىكى
رىۋايەت قىلىنغان. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزى مەدىنە مۇ-
نەۋۋەرەدە، مۇنبەر ئۈستىدە تۇرۇپ، مەدىنىدىن 500 پەرسەخ
(بىر پەرسەخ 8 كىلومېتىرغا باراۋەر) يىراقلىقتىكى «نەھاۋەنت» دېگەن
[illegible]
جايدا ئۇرۇشنىڭ ئەسكەرلىرىنى كۆرگەنلىكى ھەتتا، شۇ جايدىكى (ناھا-
ۋەند) تاغنىڭ ئارقىدا دۈشمەنلەرنىڭ ھىلە-مىكىرىسى بولغانلىقى
ئۈچۈن ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ ئەسكەر باشلىقلىغادىن يورۇپ
كېتىۋاتقان ئەسكەرلەر! تاغدىن ئېھتىيات قىلىڭلار. تاغدىن ئېھ-
تىيات قىلىڭلار» دېگەنلىكى، ئۇ ئەسكەرلەرنىمۇ ئاڭلىغانلىقى شۇنچە يىراق
تۇرۇپ، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغانلىقى»غا

ئۇ خىتاسىنى يۈزكەلتۈرۈۋاتقان بالا (ئۇ ئەسكەرلەرنى ئۇچۇر قىلىش

ئۇشتۇمتۇت تارمار بولۇپ كەتكەنلىكىنى ساقلىنىپ قالغان) نىڭ دەبدەبى

قىلىشى. خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ھېچ بىر زەرەر قىلماستىن

زىنھەر ئىشكەنىگە ئۇ خىتاسىنى مۇھىم ئىشلاردا ئىشەنچە بىرىشنى ساق

لىپ قىلىش. ۋەھمە ئىلگىرى باشقا ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ-

نىڭ خىتابىغا قىلىق نىڭدەر ياسىلىشقا ئۇ خىتاسىنى ساناپ

تۈگەتىلۇسىز مەسىلىلار بار.

ئەۋلىيالارنىڭ كارامەتكە ئىگە قىلىنغان مۇئتەزىلە گورۇھى مۇنداق

دە ئەگەر ئەۋلىيالەردىن، ئادەتنى بۇزۇپ تاشلايدىغان ئىشلارنىڭ

ئاشكارا بولۇشى دۇرۇس بولسا ئەلۋەتتە مۆجىزىگە ئارىلىشىپ-

كېتىدۇ — دە پەيغەمبەرلەر پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ يۇقىرىدىن ئايرىلماي

قالىدۇ»، دەپ دەلىل كەلتۈرگەنتى (ئەۋلىيانىڭ كاراماتى دۇرۇس

ئەمەسلىككە)، مۇنىڭغا جاۋاب بېرىشكە مۇسەننىف ئۆزىنىڭ مۇنۇ

ئۈممەتلىرىنىڭ بىرى بولغان ۋەلىدىن ئادەتنى بۇزغۇچى ئىشنىڭ زۇ

ھۇر قىلىشى بۇ كاراماتى، ئۆزى تەۋە ئۈممەتلىرىنىڭ بىرىگە ئاشكارا

بولغان پەيغەمبەرگە موجىزە بولىدۇ. چۈنكى ئۇ كارامەت ئارقىلىق

ئۆزىنىڭ ۋەلىي ئىكەنلىكى ئاشكارا بولىدۇ. ئەگەر كارامەت ئاشكارا-

بولغان كىشى پەقەت ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە

تىلى ۋە دىلى بىلەن شۇ پەيغەمبەرنىڭ بۇيرۇقى، نەھيلىرىگە ئىتائەت

قىلىپ تۇرۇپ، قىلغان ئىقرارىنىڭ دۇنيادا مۇستەھكەم تۇرغان

دېمەك ئەۋلىيا بولالايدۇ، ھەتتا بۇ ۋەلى ئۆزىنىڭ مۇستەقىل
ئىگىلىكىنى، باشقا بىر كىشىگە ئۆتكۈزگەنلىكىنى دەۋا قىلسا ۋەلى
بولالمايدۇ، ۋە بۇ خىل كارامەت ئۇنىڭ قولىدا زۇھۇر قىلمايدۇ.
دېگەن سۆزى ئېنىقلىق ئىشارەت قىلىدۇ.

دېمەك، دۇنيانىڭ ئادەتتىكى قانۇنىنى بۇزىدىغان ئىش پەيغەمبەر
ئەلەيھىسسالامغا قارىتىلىشى بىلەن مەيلى ئۆزىنىڭ پەيغەمبەرلىكى-
ھالام تەربىيىتى ئاشكارا بولسۇن يا ئۈممەتلىرى تەربىيىتى ئاستى
ئاشكارا بولسۇن مۆجىزە دۇر. ئادەتنى بۇزۇپ تاشلىغۇچى ئىش
ۋەلىگە قارىتىلىشى بىلەن كارامەت دۇر. چۈنكى ئۇ ئادەتنى بۇزۇپ
تاشلىغۇچى ئىش»، بۇ ئۇنىڭ تەربىيىسى ئاستىدا بولغان كىشىنىڭ-

«پەيغەمبەرلىك» نى دەۋا قىلغۇچى خالى، «پەيغەمبەر» بولغان

كىشى، ئۆزىنىڭ «پەيغەمبەر» بولغانلىقىنى بىلىشى، ئادەتتە بو-

زۇپ تاشلايدىغان ئىشلارنى ئىزھار قىلماقچى بولسا، مۆجىزەتلەر

نىڭ تەقەززاسى بويىچە شۇ كىشى ھۆكۈم قىلىشى لازىم، ۋەلى بولسا

بۇ (پەيغەمبەر) نىڭ خىلاپى بىلەن.

## وأفضل البشر بعد نبينا ......

بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىزدىن كېيىن ئىنسانلارنىڭ ئەفزەلى....

پەيغەمبەرلەردىن كېيىن ئىنسانلارنىڭ ئەفزەلى....» دېيىلسە ياخشىراق

ئىدى، چۈنكى «بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىزدىن كېيىن ئىنسانلارنىڭ ئەفزەلى....»

دېگەندە باشقا پەيغەمبەرلەردىن ئەفزەل» دېگەنلىك چىقىپ قالىدۇ.

بۇ خاتا ۋە يەنە بىرى ھەدىسكە مۇۋاپىق بولماي قالدۇ. لېكىن

مۇسەننىپ بۇ جايدا زامانە خاراكتېرلىق كېيىنكى ئىرادە قىلدى.

يەنى «بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىزنىڭ زامانىدىن كېيىنكى ئىنسانلارنىڭ ئەپزىلى

......» بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىزدىن كېيىن ھېچ قانداق پەيغەمبەر

يوق. شۇنداقتىمۇ «ئىسا ئەلەيھىسسالامنى ئايرىۋېلىشى لازىم.

چۈنكى ئەگەر پەيغەمبىرىمىزدىن كېيىن بولغان ئىنسان ئىرادە-

قىلىنسا، بۇ ھۆكۈم ئىسا ئەلەيھىسسالام بىلەن بۇزۇلىدۇ.

ئەگەر پەيغەمبىرىمىزدىن كېيىن تۇغۇلغان ھەرقانداق ئىنسان-

ئىرادە قىلىنسا ساھابىلەردىن ئەبزەل دېگىلى بولمايدۇ. ئەگەر

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا زېمىننىڭ ئۈستىدە.

مەۋجۇد بولغان ھەرقانداق شەيئىنى ئىنكار قىلىنسا تائىپىلەر-

دىن ئەپزەل ئەقلىنىڭ ئىپادىلەيدۇ (ئىپادىلىيەلمەيدۇ) ۋە ئۇلار-

دىن كېيىنكى كەلگەردىن ئەپزەللىكنى ئىپادىلىيەلمەيدۇ. ئەگەر بىزدىن-

بىر يەردىن زېمىندا مەۋجۇت بولىدىغان (مەيلى پەيغەمبەر ئەلەيھىس-

سالامنىڭ زامانىدا بولسۇن، مەيلى ئۇنىڭدىن قىيامەتكىچە بولسۇن

مەۋجۇت) شەيئىنى ئىنكار قىلىنسا. شۇ ئەلەيھىسسالام بىلەن بۇزۇلىدۇ.

بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىزدىن كېيىن ئىنسانلارنىڭ ئەپزەلى ئ، پەيغەمبەر-

ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىدىن ھېچ بىر توختاپ قالماستىن تەس-

تىق قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مىراجغا چىققانلىقىنى

ھېچ قانداق ئىككىلەنمەستىن تەستىق قىلغان ھەزرىتى ئەبۇ-

بەكرى سىددىق» رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ. 2. ھۆكۈم دەۋالاردا
ھەق بىلەن باتىلنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئايرىغان (ئادالەت بىلەن)
«ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ. 3. ئوسمان زۇننۇرەي-
يىن (ئىككى نۇرلۇق) چۈنكى پەيغەمبەر بوكەگە ئۆزىنىڭ رۇقىيە-
قىزىنى نىكاھلاپ بەردى. رۇقىيە ئۆلۈپ كەتكەندىن «ئۇممۇ كۇل-
سۇم»نى نىكاھلاپ بەردى. ئۇممۇ كۇلسۇم ئۆلۈپ كەتكەندە ئاخ-
تا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر مېنىڭ ئۈچىنچى قىزىم-
بولغان بولسا ئۇنىمۇ ساڭا نىكاھلاپ بەرگەن بولاتتىم» دېدى.
4. ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ رازى بولۇنغۇچى ۋە رەسۇ-
لۇللاھنىڭ ساھابىلىرىنىڭ سەمىلىرىنىڭ جۈملىسىدىن بولغان ھەز-

رىتى «ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ» مۇرتەزادۇر،

بىز سەلەپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلارنى مۇشۇ يوقۇرقى تەرتىپ بىلەن قاراپ كەلگەنلىكىنى بىلدۇق. ئەھلى سۈننەت ئەگەر ئۇ سەلەپلەرنىڭ مۇنداق تەرتىپ بىر تىكلەشلىكى بولمىسا ئەلۋەتتە بۇنىڭغا ھۆكۈم قىلمايتتى.

ئەمما بىز، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ (ئەلىنى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئەپزەل دېگۈچىلەر، ئوسماننى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئەپزەل دېگۈچى) دەلىللىرىنىڭ بىر-بىرىگە تاقابىل تۇرالايدىغانلىقىنى بىلدۇق. ۋە بۇ مەسىلىنى ھەققا بىرەر ئەمەل تەئەللۇق تاپىدىغان ياكى ئۇنىڭدا توختاپ قىلىش بىرەر ۋاجىپ چىقادىغلى

يەتكۈزىدىغان نەرسىنىڭ جۈملىسىنى دەپ قارىمىدۇق. سەۋەب
رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ بولسا، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى
ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئەبزەل دېيىش ھەققىدە توختاپ قال-
غانتى. چۈنكى ئۇلار، ئىككى شەيخنى بىر-بىرىدىن (ئەبۇبەكرى ۋە
ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما) ئەبزەل قىلىشنى ئىككى كۈيوغۇلنى
ياخشى كۆرۈپ مۇھەببەت قىلىشنى ئەھلى سۈننەت ۋەلجەمائەنىڭ
ئالامەتلىرى قىلدى. توغرا شۇ دىيە! ئەگەر ئوسمان، ئەلى رەزىيەللا-
ھۇ ئەنھۇمالارنىڭ ئەبزەل بولۇشى بىلەن ساۋابنىڭ كۆپلىگى شۇرا
دە قىلىنسا توختاپ قىلىشقا يول بار. چۈنكى بۇ ئىككىلىسىنىڭ ساۋاب
جەھەتتىن باشقىلاردىن ئەبزەللىكى ھەققىدە دەلىل يوق. ئەگەر

ئەقىل ئىگىلىرى كۆپ دەپ ھېسابلايدىغان پەزىلەتلەر ئىرادە قىلىنسا

بۇ ھەقتە ئۇ خىتاب قىلىشقا يول يوق. بەلكى ئەلى رەزىيەللاھۇ-

ئەنھۇنىڭ ئەپزەللىكىگە جەزم قىلىندۇ. چۈنكى ئەلى رەزىيەللاھۇ-

ئەنھۇنىڭ بۇ ھەقتىكى كامالات، كارامەتلىرى بىلەن بولغانلىقى مۇتەۋا-

تىر» دەرىجىسىگە يەتتى.

## وخلافتهم على هذا الترتيب

بۇيۇقۇردىكى تۆت ساھابىنىڭ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن ئۈممەت-

لەرنىڭ ئەگىشى ۋاجىپ بولغان ھالەتتە. دىنى پەرمان تۇرغۇزۇشتا

«خەلىپە» (ئورۇن باسار) بولۇشمۇ مۇشۇ تەرتىپ (1- ئەبۇبەكرى

سىددىق 2- ئۆمەر فارۇق 3- ئوسمان زۇننۇرەين 4- ئەلى مۇر

تەزا) ئىككى ئاساسەن يۈزگە كەلگەن،

يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن «خەلىپە» بولۇش

1-دىن ئەبۇ بەكرى سىددىققا ئاندىن ئۆمەر پارۇققا ئاندىن

ئۇسمان زۇننۇرەينگە، ئاندىن ئەلى مۇرتەزا رەزىيەللاھۇ-

ئەنھۇملەرگە خاس. بۇ خەلىپىلىك مۇشۇ تەرتىپ بويىچە بولدى.

چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات تاپتۇرۇلغان كۈنى ھەممە

ساھابىلەر بەنى سائىدەنىڭ يىغىن خانىدا جۇغلاشتى. ئۇزۇن

مەسلىھەت، تالاش-تارتىشلاردىن كېيىن ئۇلارنىڭ كۆز قارىشى-

بىرلىكى ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ «خەلىپە»

بولۇشىغا قارار تاپتى. ۋە بۇنىڭغا ھەممىلەن بىردەك ئىجما قىلىشتى

ھەزرىتى ئەلىمۇ ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپە بول-
غانلىقىنى، بىر قانچە كېچىكىپ ئاندىن كېيىن (سەھىھراقى ئۈچ كۈن مۇنداق
كېچىكتى بۇ «خەلىپە» لىكنى توغرا تاپمىغانلىقتىن ئەمەس، بەلكى-
رەسۇلۇللاھدىن ئايرىلغانغا ھەسرەت چېكىپ غەمكىن بولغانلىقى
ۋە مۇسىبەت ئىشلىرىغا ئىگە بوپ قالغانلىقى ئۈچۈن بۇ جايغا كېلە-
لمىگەن) بارلىق ساھابىلەرنىڭ ھۇزۇرىدا ئىشتىراك قىلىپ، بەيئە
قىلغان. ئەگەر ئەبۇبەكرى سىددىقنىڭ «خەلىپە» بولۇشى ھەق بول-
مىسا ئىدى. ساھابىلەر بۇنىڭغا ئەلۋەتتە ئىتتىپاق قىلمايتتى. ۋە
ئەلىمۇ بۇ «خەلىپە» لىكنى ئەلۋەتتە، مۇتلەق ۋە يە تالاشقان بولا
تالاشاتتى. ئەگەر ھەزرىتى ئەلىنىڭ «خەلىپە» بولۇشى ھەق قىلە-

«شىئە» گۇرۇھلىرى دېگەندەك، بىرەر نەرسە (پەيغەمبەر
ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆھبەتتىكى سۆزى) بولسا ئىدى. ھەزرىتى-
ئەلى بولغار قىلىق ساھابىلەرگە ھۆججەت كەلتۈرگەن بولاتتى.
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىنىڭ ھەققىدە باتىل
غا ئىشىنىپ قېلىشى ئۇ ھەقتە «نەرسە» كەلگەن (تەرك) ئىشنى
تەرك ئېتىش قانداقمۇ ئەسلى ئۆز قىلىنسۇن؟!.
ئەندىن كېيىن (بۇ مەسىلە، مۇسۇلمانلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى خۇ-
سۇسەن ئەھلى سۈننى بىلەن شىئە ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ ئىخ-
تىلاپى مەسىلە بولغاچقا مۇكەممەل توختۇلۇپ ئۆتۈشكە-
مۇمكىن ئەلۋەتتە) ئەبۇ بەكرى سىددىق ئۆز ھاياتىدىن-

ئۆمتسزلەنگەن ۋاختا. ھەزرىتى ئوسمان زونۇرەينىنى-
جاقىرىپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ «خەلىپە» لىكنى ھەزرىتى ئۆمەر-
بارۇقا تاپشۇرغانلىق ھەققىدە خەت يازدوردى، خەتكە-
موھورنى باستى؛ ئۇنى كىشىلەرگە ئېلان قىلىپ، ئۇلارنى موشۇ خەتكە
ئىسمى يېزىلغان كىشىنىڭ «خەلىپە» لىكنى ئېتىراپ قىلىپ بەيئەت قىل-
ىشقا بويرودى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بەيئەت قىلدى. ھەتتا بۇ-
خەت ھەزرىتى ئەلىنىڭ قولىغا كەلگەندە ئەلى: بۇ خەتتىكى كىشى
گەرچە ئۆمەر بولسىمۇ بىز ئاڭا بەيئەت قىلدوق» دېدى. دېمەك
ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ «خەلىپە» بولۇشىمۇ ساھابىلەرنىڭ-
ئىتتپاقى ساسىدا بولغان. ئاندىن كېيىن. ھەزرىتى ئۆمەرشە-

ھەد بولدى. «دەخلىيە» لىكنى بولسا ھەزرىتى ئوسمان زۇننۇ-

رەيىن، ئابدۇراخمان ئىبنى ئەۋپ، ھەزرىتى ئەلى، تەلھە-

زۇبەير، سەئد ئىبنى ئەبى ۋەققاس قاتارلىق ئالتە كىشىنىڭ

ئوتتۇرىسىدا. مەسلىھەت تەرىقىسىدە قويدى بۇلاردىن بەش

نەپەرلىكى ئىشنى ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋپكە تاپشۇردى.

(سىز ئۆزىڭىز «دەخلىيە» بولسىڭىزمۇ مەيلى باشقا بىرسىمىزنى

كۆرسەتسىڭىزمۇ مەيلى دېب ئۇنىڭ ئىختىيارىغا قويدى. ۋە

ئۇنىڭ ھۆكمىگە رازى بولۇشتى ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋپ ھەز-

رىتى ئوسمان زۇننۇرەيىننى ئىختىيار قىلدى. شۇ جايدىكى سا-

ھابىلەر ھەزرىتى ئوسماننىڭ «دەخلىيە» لىكنى ئىتراپ قىلىپ

قوشۇلدى. شۇڭلار قىلىچ بارلىق ساھابىلەر ھەزرىتى ئوسماننىڭ

«خەلىپە» لىكىنى ئېتىراپ قىلىپ بەيئەت قىلدى. ۋە ئۇنىڭ بۇيرۇ-

قلىرىغا بويسۇندى. ۋە ئۇنىڭ بىرگە جۈمە نامازلىرى، ھېيت-

نامازلىرىنى ئوقۇدى مانا بۇ ساھابىلەرنىڭ ئوسماننىڭ-

«خەلىپە» لىكىگە قىلغان ئىجمائى بولدى.

ئۇندىن كېيىن ھەزرىتى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شەھىد بولدى

لىكتىن «خەلىپە» لىكنى ھېچ بىر كىشىگە ھۆكۈم تاپشۇرمىدى. (ھۆ

كۈم قىلدى) موھاجىرلار ۋە ئەنسارىلارنىڭ چوڭ يېقىن ئادەملىرى

ھەزرىتى ئەلىنىڭ «خەلىپە» بولۇشىغا ئىجماء قىلدى ۋە ئەلىدىن-

بۇ «خەلىپە» لىكنى قوبۇل قىلىشنى ئىلتىماس قىلدى.

ھەزرىتى ئەلى ئۇ زاماننىڭ ئەپزىلى ۋە ئۇلارنىڭ جۇملىدىن-
«خەلىپە» بولۇشقا لايىقراقى بولغانلىقى ئۈچۈن ساھابىلەر-
گا بەيئەت قىلدى. ھەزرىتى ئەلى بىلەن مۇئاۋىيە ئوتتۇر-
سىدىكى قارشىلىقى جەڭ قىلىشى «خەلىپە» لىكنى تالاشقانلىقىدىن
بولمىغان بەلكى ئىجتىھادتا خاتالاشقانلىقىدىن بولغان ئىدى.
(ئەلى «خەلىپە» بولغان تۇرۇپ ھەزرىتى ئوسماننى ئۆلتۈرگەن-
لەردىن قىساس ئالمىدى.)

ئەھلى سۈننى بىلەن شىئە گۇرۇھىنىڭ بۇ مەسىلە ھەققىدىكى
ئىختىلاپلىرى ھەر ئىككى پىرقىنىڭ، ئەلىنىڭ «خەلىپە» لىكى بابىدا
«نەس» دەۋا قىلىشى، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ سوئال جاۋاب

لىرى كۆڭگە يېتىپ يېزىلغان كىتابلاردىن مەزكۇردۇر.

«خەلىپە» لىك ئوتتۇز يىلدۇر. مۇندىن كېيىنكىسى «پادىشاھلىق ۋە ئەمىرلىق» دۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «خە-لىپىلىك مەندىن كېيىن ئوتتۇز يىل بولىدۇ. ئۇ خەلىپىلىك ئوتتۇز يىلدىن كېيىن چىشلىۋالغۇچى پادىشاھلىققا ئايلىنىدۇ» دېدى.

ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نىڭ ۋاپاتىدىن باشلاپ 30-يىلنىڭ بېشىدا شەھىد بولدى.

مۇئاۋىيە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى كىشىلەر «خەلىپە» بولمايدۇ. بەلكى «پادىشاھ ئەمىر» بولىدۇ. ۋە مۇشۇمۇ مۇشكۇلدۇر (مۇئاۋىيە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكىلەرنى «خەلىپە» دېمەسلىك) چۈنكى

ئۈممەتلەرنىڭ موجتەھىدلىرى ئەجباسلەرنىڭ ۋە ئۈممەرلىرىنى

چبولۇ ئەزىز كە ئۈخكاسى بەزى ئەمروانلەرنىڭ «خەلىپە»

لىگە ھەققەتەنا ئىشتىياق قىلغان ئىدى. مەسىلەن «خەلىپە» لىك

30 يىل بولدۇ دېگەندىن مورات: «چاققا ھەجج قانداقا قارشىلىقسىز

ۋە ئەگىششىسىز مايىل بولۇشى چارىلاشمىغان (چارلاشمىغان).

كامىل «خەلىپە» لىك 30 يىل بولدۇ. مۇنىڭدىن كېيىن «خەلىپە»

لىك بەزىدە چاسۇ نىڭدەلىك بولدۇ، بەزىدە چاسۇندا بولمايدۇ.

چاندىن كېيىن ئىمام، (مۇسۇلمانلارنىڭ تۇرتىكلىك رەھبەرى).

تىكلەنىشى ۋاجىب ئىكەنلىكى ئىجماع چارقىلىق سابىت. ئىختىلاپ

بەقەت، ئىمام تىكلەشنى ئاللاھ تائالاغا ۋاجىب مۇ ياكى ئۈممەت

لەرگە ۋاجىبمۇ ئەقلى دەلىل بىلەن ۋاجىبمۇ ياكى سەمئى دەلىللەر-
قىلىق ۋاجىبمۇ، دېمەك ھەق يول: ئىمام تىكلەشى ئۈممەتلەرگە
ۋاجىب. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «بۇ زامانىنىڭ ئىما-
مىنى تونۇمىغان ھالدا ئۆلۈپ كەتكەن ئادەم ھەقىقەتەن جاھىلىيەت
ئۆلگۈنىدەك ئۆلگەن بولىدۇ» دېدى. چۈنكى (2-دەلىل) پەيغەمبەر
ئەلەيھىسسالام ۋاپات تاپقاندىن كېيىن ئۈممەتلەر ئىمام تىكلە-
شنى موھىملەرنىڭ موھىملىرىدىن قىلدى ھەتتا ئىمام تىكلەشنى
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جەسىدىنى دەپنە قىلىشتىن ئىلگىرى
قىلدى. شۇنىڭدەك ھەر ئىمام ۋاپات تاپقاندا ئىمام تىكلەشنى
موھىم بىلدى چۈنكى (3-دەلىل) شەرىئەتنىڭ ۋاجىبلىرىنىڭ كۆپ-

قىسى ئۇ ئىمامغا قاراپ قالدى، ئۇنىڭدەك بۇنىڭغا مۇسەننىڭ

ئۆزىنىڭ «مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ھۆكۈملىرىنى يۈرگۈزۈ-

شكە، توختاملىرىنى ئورۇنلاشقا سېپىللىرىنى قوغداشقا مۇن-

تىزىم قوشۇنلارنى تەييارلاشقا ئۇلارنىڭ سەدىقاتلىرىنى

ئېلىشقا، سىرتقى تاجاۋۇزچىلارغا، بۇلاڭچىلارغا، قاراقچىلارغا

زەربە بېرىشكە، جۈمە، ھېيتلارنى ئادا قىلىشقا بەندىلەرنىڭ ئارىسىدا

بولغان تالاش-تارتىش جېدەل ماجىرالارنى ئايرىپ ھۆكۈم قىلىشقا

ھوقۇق قىلەر ئۈستىدىكى گۇۋاھلىقلارنى قوبۇل قىلىشقا، ئېگە-چاقىسىز

قالغان كىچىك ئوغۇل قىزلارنىڭ توپىنى قىلىپ بېرىشكە، ئولجىلارنى

تەقسىم قىلىشقا ۋە (مۇنىڭدىن باشقا) مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ھەر بىر

ئۈممەت ئىگە بولالايدىغان ئىشلارغا رەھبەرلىك قىلدىغان، يېتەكچىلىك
قىلىدىغان ئىمام بولۇشى ناھايىتى زۆرۈر ئەلۋەتتە» دېگەن سۆزى ئار-
قىلىق ئىشارەت قىلدى.

ئەگەر نېمە ئۈچۈن «ئىمام» تىكلەشتە ھەر ناھىيەدىن ئىناۋەتلىك كى-
شىگە قانائەت قىلىش دۇرۇس بولمايدۇ، ئاممىۋى رىياسەتچىلىك
قىلالايدىغان كىشىنى ئىمام تىكلەشنى قەيەردىن ۋاجىب بولدۇ؟ دېيىلسە
بىز جاۋاب بېرىپ دەيمىزكى: ئەلۋەتتە ئاممىۋى رىياسەتچىلىك قىلالاي-
دىغان كىشىنى ئىمام تىكلەش ۋاجىب. چۈنكى ئەگەر ھەر ناھىيەدىن ئەۋ-
لەتلىك كىشىنى ئىمام تىكلەشكە قانائەت قىلغاندا بۇ خۇددى بىز ھازىر
كۆرۈۋاتقاندەك دىن ۋە دۇنيا ئىشلىرىغا چوڭ دەخلى يەتكۈزىدۇ.

غان دۇنيا تالاش-تارتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردۇ.

ئەگەر، ئاممىۋى سىياسەتچىلىك قىلالايدىغان ئىشنى كەڭتاشلىقنى مەيلى

تامام بولسۇن ياكى بولمىسۇن ئۇلا قانداقتا قىلىشىمىز لازىم چوڭ ئىش

لارنىڭ ئىنتىزامى تۈركلەرنىڭ زامانىدىكىدەك ئاسۇ قىلغۇچى ھا-

سل بولىدۇ؟ دېيىلسە بىز جاۋاب بېرىپ دېيىمىزكى، توغرا ئاسۇ قىلىق

دۇنيانىڭ بەزى ئىشلىرى ئىنتىزاملىشىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ ئەھمىيەتلىك ئەمە

قەدەم ئاساسى تۈۋرۈكتىن ئىبارەت «دىن»نىڭ ئىشلىرىغا دى خلى-

يىتىپ قالدۇ.

ئەگەر، بۇ قۇردا سۆزلەنگەن «خەلىپىلىك مۇددىتى 30 يىل» خاباتئەن

توغرا بولغىنى باشلانغۇچى «خەلىپە»لەرنىڭ زامانىدىن كېيىنكى زامان-

«ئىمام» دىن خالى بولغان بولىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئۈممەتلەرنىڭ ھە

ممىسى ھالاك بولىدۇ. ۋە ئۇلارنىڭ ئۆلۈمى جاھىلىيەتنىڭ ئۆلۈمىدەك بولىدۇ

دېيىلسە بىز جاۋاب بېرىپ دەيمىزكى، مۇددىتى توختىغان «خەلىپە»

لىكتىن مۇراد «كامىل خەلىپە» ئىكەنلىكى يوقۇرىدا ئۆتتى. ئەگەر بۇنىڭغا

تەسلىم بولغاندىمۇ «ئىمام» لىق «خەلىپە» لىكتىن ئىمام دېگەنگە بىنائەن

«خەلىپە» لىك دەۋرى تۈگىسىمۇ «ئىمام» لىق تۈگىمىگەن بولىدۇ لېكىن بىز

بۇ ئىشلاشنى قەۋمنىڭ ئىچىدىن تاپالمىدۇق. (ئىمامنىڭ خەلىپىدىن

ئىكەنلىكى) بەلكى ئىككى گۇرۇھلارنىڭ ئىچىدە «ئىمام» لىقتىن «خەلىپە»

لىك ئىمام دېيىلگەنلىرىمۇ بار، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ھالدىنقى ئۈچ ئىشما

منىڭ (ئەبۇبەكرى، ئۆمەر، ئوسمان) خەلىپەلىككە قايىل بولىدۇ.

«ئىمام» ئىگىلىگەنگە قايىل بولمايدۇ. ئەمما ئابباسىي خەلىپىلىرىدىن

كېيىن ئىش مۇشكۇل.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئىمام قەۋملىرى ئاتا ئىشلىرىنى ئەپكېلىش ئۈچۈن ئاشكارا

بولۇشى لايىق چۈنكى ئىمام قوۋم مىللەرنىڭ ئىمام تەكلەشنى (تەكلەشكى)

غەرەزى ھاسىل بولۇشى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ مەسلىھەت تىلىرى يوقۇرىسى

مۇقەررەر زالىملارنىڭ ھۆكۈمرانىدىن، دۈشمەنلەردىن قورقۇپ-

كەتلەرنىڭ كۆزلىرىدىن مەخپىي بولۇشلىقى لايىق ئەمەس. زامان-

يا خەلىپىلىرىدا يامان بۇزۇق ئىشلارنىڭ مادىلىرى تولغاندىن-

زۇلۇم ۋە سەركەشلىك ئەھلىنىڭ نىزامى يېتىلگەندىن چېقىپ كۆز-

دە تۇتۇلۇشقان بولۇشمۇ لايىق ئەمەس. ھەققەتەن ئىككى گۇرۇھ

لارنىڭ، خۇسۇسەن ئۇلارنىڭ ئىچىدىن چىققان «ئىمامىيە» گورو-
ھنىڭ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن ھەقىقىي خەلىپە 1- ھەز-
رىتى ئەلى 2- ئوغلى ھەسەن 3- ھەسەننىڭ قېرىندىشى ھۈسەيىن
4- ھۈسەيىننىڭ ئوغلى ئەلى زەينىلئابىدىن 5- ئەلى زەينىلئابىدىننىڭ
ئوغلى مۇھەممەت باقىر 6- مۇھەممەت باقىرنىڭ ئوغلى جەئفەر رو-
سادىق 7- جەئفەر روسادىقنىڭ ئوغلى مۇسا لكازىم 8- مۇسا ل-
كازىمنىڭ ئوغلى ئەلى رىزا 9- ئەلى رىزانىڭ ئوغلى مۇھەممەت تەقى
10- مۇھەممەت تەقىنىڭ ئوغلى ئەلى نەقى 11- ئەلى نەقىنىڭ ئوغلى ھەسە
نۇلئەسكەرى 12- ھەسەنۇلئەسكەرىنىڭ ئوغلى مۇھەممەت قا-
سىم بۇنىڭ جىقى نەزەردىن تونۇلدۇ. (مەھدى) بۇ ئىمام (مۇھەممەت

قاسىم) ئۆز ئىلكىدە دۆلەتمەنلەرنى قۇرتقانلىقتىن يۇرتۇرنى ئالغانلى

كەلگۈسىدە ئاشكارا بولدى. دۇنيا جەۋر-زۇلۇمغا تولغاندەك -

دۇنيانى ھەققانىيەت ۋە ئادالەت بىلەن تولدۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئۆم-

رىنىڭ ئۇزۇن بولىشى ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ كۈنلىرىنىڭ مۇددىتى ئۇزۇن-

بولىشى، ئىسا ۋە خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆمۈرلىرىنىڭ ئۇ-

زۇن بولىشى توسالغۇ بولمىغاندەك ھېچقانداق بىر توسالغۇ

يوق.» دېگەندەك ئەمەس.

بىز ئىمامنىڭ يوشۇرۇنلۇقى ۋە ئۇنىڭ تۇغۇلۇپ بولماسلىقى ئىمامنىڭ

بارلىقىنى تەلەپ قىلىدىغان ئىشلىرىنىڭ ھاسىل بولماسلىقىدا

بارا ۋە بىر كىملىكتە ۋە دۆلەتمەنلەرنى قورقۇنچلۇق، ئىشەنمەيدىن-

باشقا ئەرسە يېتەلمەيدىغان ھالەتتە يوشۇرۇنۇۋېلىشنى كەلتۈرۈپ

چىقارالمايدىغانلىقىغا خەۋەر دارمۇ؟!

بەلكى ئىشنىڭ ئەكسى توغرىمى. دۈشمەنلەردىن قورقۇشى پەقەت

ئىماملىقنى دەۋا قىلغانلىقتىن يوشۇرۇشنى ئىرادىلىمەيدۇ. ئۇلار

نىڭ كىشىلەرگە ئاشكارا بولغان، ئىماملىقنى دەۋا قىلمىغان ئاتىلىرىنىڭ

ھەققىدىكى يوشۇرۇنۇۋېلىشقا ئوخشاشى ۋە يەنە زامان بۇزۇلغاندا

كۆز قارىشى ھەرخىل بولغاندا زالىملارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى كۈچەيگەندە

كىشىلەرنىڭ ئىمامغا بولغان ئېھتىياجى كۈچلۈكرەك. ئۇلارنىڭ

ئۇ ئىمامغا بويسۇنۇشنى ئاسانراق.

«ئىمام» قورقۇپ يوشۇرۇن بولدى. ئۇلارنىڭ غەيرىدىن بولۇشى توغرا-

ئەمەسى «ئىمام» لىق بەيى ھاشىمغا ۋە ئەلىنىڭ ئەۋلادلىرىغا
خاس بولمايدۇ. (بولارنىڭ غەيرىدىنمۇ بولىدۇ) يەنى ئىمامنىڭ ئا-
قورەيشتىن بولىشى شەرتتا، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئىمام
قورەيشتىن بولىدۇ» دېگەن. بۇ ھەدىس گەرچە خەبەرى ۋاھىد بولسىمۇ
ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەنسارلارغا ھۇججەت كەلتۈ-
رۈپ رىۋايەت قىلغانىدا بۇنىڭغا ھېچكىم ئىنكار قىلمىغانلىقى ئۈچۈن بۇ-
ھەدىس «ئاتا ئىجماع قىلغۇچى»غا ئايلاندى. بۇ ھەقتە خاۋا-
رىجلەر ۋە بەزى مۆئتەزىلەردىن باشقا ھېچكىم ئىختىلاپ قىلمىدى
ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر فارۇق، ئوسمان زۇننۇرەين يىسا-
رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارغا گەرچە قورەيشتىن بولسىمۇ ھاشىمى

قەبىلىدىن ئەمەس ئىدى. شۇ ھالەتتە تۇرۇپ ئۇلارنىڭ دەخلىيە،

بولغانلىقىدىن ئىبارەت دەلىللەر سابىق بولغانلىق جەھەتتىن تامام

نىڭ ھاشىمى ۋە يالغۇز ئەلەۋى بولۇشى شەرت قىلىنمايدۇ. چۈنكى، قۇرە

يىشى، نەزەر بىن كىنانە نىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ئىسمى ھاشىم بولسا، ھەز

رىتى رەسۇلۇللانىڭ بوۋىسى ئابدۇلمۇتەللىب نىڭ ئاتىسى.

(ئائىلىق سوز تۇۋۇن نەنلىدىن ئىبارەت) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئابدۇ

للانىڭ ئوغلى ئابدۇللا ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ ئوغلى ئابدۇلمۇتتە

لىب ھاشىمنىڭ ئوغلى ھاشىم ئابدۇمەناپنىڭ ئوغلى ئابدۇمەناپ

قۇسەييىنىڭ ئوغلى قۇسەييە كىلابنىڭ ئوغلى كىلاب مۇررەنىڭ

ئوغلى، مۇررە كەئبنىڭ ئوغلى كەئب لۇۋەينىڭ ئوغلى، لۇۋەي غالىبنىڭ

نىڭ ئوغلى. غالىب يەھەر (نىڭ) مالىكنىڭ ئوغلى مالىك نەزرنىڭ ئوغلى نەزر كىنانەنىڭ ئوغلى كىنانە خۇزەيمەنىڭ ئوغلى خۇزەيمە مۇدرىكەنىڭ ئوغلى مۇدرىكە ئىلياسنىڭ ئوغلى، ئىلياس مۇزەرنىڭ ئوغلى مۇزەر نىزارنىڭ ئوغلى نىزار مەئەد نىڭ ئوغلى. مەئەد ئەدناننىڭ ئوغلى.

ئەلۋى ۋە ئابباسىلەر بولسا بەنى ھاشىمدىن چۈنكى ئابباسىي ۋە ئەبۇتالىپ بۇ ئىككىسى ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ ئوغۇللىرى ئەبۇبەكرى - سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قۇرەيشنىڭ جۇملىسىدىندۇر. چۈنكى ئەبۇبەكرى ئەبى قوھافەنىڭ ئوغلى ئەبۇ قوھافە ئوسماننىڭ ئوغلى ئوسمان ئامىرنىڭ ئوغلى (ئوسمان) ئامىر ئومەرنىڭ ئوغلىدۇر.

ئۆمەر تەيىمنىڭ ئوغلى، تەيىم مۇررە كەئبنىڭ ئوغلى، كەئب لۇئا-
ينىڭ ئوغلى. مۇ ئىككىلىگى ھەزرىتى ئۆمەر فارۇق ھەمۇ قۇرەيشنىڭ جۇملىسى
دىن. مۇ ئىگى ئۆمەر خەتتابنىڭ ئوغلى خەتتاب نۇفەيلنىڭ ئوغلى
نۇفەيل ئابدۇلئۇززانىڭ ئوغلى. ئابدۇلئۇززا رىياھنىڭ ئوغلى.
رىياھ ئابدۇللاھنىڭ ئوغلى، ئابدۇللا قورتنىڭ ئوغلى قورت-
زىراھنىڭ ئوغلى، زىراھ ئۇدىييىنىڭ ئوغلى، ئۇدىييە كەئبنىڭ
ئوغلى مۇ ئىككىلىگى ئۇختاشى ئوسمان زۇننۇرەينمۇ قۇرەيشنىڭ
جۇملىسىدىن. مۇ ئىگى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەففاننىڭ ئوغلى
ئەففان ئەبۇلئاسنىڭ ئوغلى، ئەبۇلئاس ئۇمەييەنىڭ ئوغلى ئۇمە-
يە ئابدۇشەمسنىڭ ئوغلى ئابدۇشەمسى ئابدۇمەنافنىڭ ئوغلى.

«ئىمام بولۇشتا ئىمام بولغۇچى كىشىنىڭ گۇناھدىن ساقلانغان

بولىشى شەرت قىلىنمايدۇ. چۈنكى ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ

نىڭ گۇناھدىن ساقلىنىپ كەلگەنلىكىگە جەزم يوق تۇرۇقلۇق،

ئەبۇ بەكرى سىددىق ئىمام بولدى ۋە ھەم شەرت قىلىنمىدىن-

لىكە موھتاج. ئىمام بولغۇچى كىشىنىڭ گۇناھدىن ساقلانغان

بولىشىنىڭ شەرت قىلىنماسلىقىدا دەلىلنىڭ بولمىغانلىقى كۇپايە.

مۇشىنىڭغا قارىشىلا ئىشقۇچى گۇرۇھ «ئاللاھ تائالانىڭ: لاينال عهدي

الظالمين مېنىڭ بۇيرۇق ئەھدىم زالىملارغا يەتمەيدۇ.

(يەنى ئۇلار ئورۇنلىيالمايدۇ)» دىن ئىبارەت ئايىتى كەرىمەسى

ئارقىلىق دەلىل كەلتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: گۇناھدىن ساقلان

مغان كىشى زالىم، ئۇنىڭ ئۆزى چۈن خۇداغا ئىتائەتلىقنىڭ پەرمانىيە ئەمە

يدۇ. بۇ ئېتىبار بىلەن «تامام» بولغۇچىنىڭ گۇناھ دەپ ساناقلا-

نغان بولسا ئەمەس. بۇلارغا بېرىلگەن جاۋاب: بۇلارنىڭ گۇناھ-

دەپ ساناقلانغان كىشى زالىم «دېگەن» يەكۈنى مەنىسى قىلىش. چۈنكى

زالىم «تەۋبە ئىسلاھ قىلىشى بولمىغانلىقنىڭ ئۈستىگە تۇغرا دەپ

قارىشى بۇ قەدەر نىغان گۇناھنى قىلغان كىشى» دېگەن ئىبارەت گۇناھ-

دەپ ساقلانغانغا كىشىنىڭ زالىم بولۇشى لازىم كەلمەيدۇ. «رەھمەت

گۇناھ دەپ ساناقلىنىشى» نىڭ مەقسىتى «بەندىنىڭ گۇناھ قىلىشىغا

قۇدرىتى ۋە ئىختىيارى داۋام قىلىپ تۇرۇپ تولۇق ئاللاھ تائالانىڭ

شۇ بەندىدىن گۇناھنى ياراتماسلىقىدىن ئىبارەت. «رەھمەت» نىڭ

مۇشۇ تەبىرى. باشقا ئاياللارنىڭ «ئىسمەت»ى ئاللاھ تائالا-
تەرىپىدىن بولغان رەھمەت مەرھەمەتلىك بولۇپ ئىمتىھان دۇنيا-
سى ئەمەللەشۈرۈش ئۈچۈن، بەندىنىڭ ئىختىيارى باقى تۇرۇقلۇق
شۇ بەندىسىنى يامان ئىشقا تەرغىپ قىلدۇ، ۋە يامان ئىش-تىن توسىدۇ
«دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى. شۇنىڭ ئۈچۈن (زالىم بىلەن ئىشمۇ بىر-
بىرىگە ئۇ خىزمەتلىكى ئۈچۈن) شەيخ ئەبۇ مەنسۇر بىلەن تۇرىدى
«ئىسمەت» مەنىسى (ئۇ گۇناھ قىلىق ئىمتىھان ئىلگىرىدىن ئىبارەت)
يوقتۇر، ئەمەدۇر» دېدى. يوقۇرىقى تەئرىپلەر بىلەن (ئىسمەتنىڭ)
«ئىسمەت» جانىنىڭ يا كى بەدەنىنىڭ بىر خىل خۇسۇسىيەتى بولۇپ
ئۇ بىنىڭ سەۋەبى گۇناھ قىلىق بەندىسىنى گۇناھنىڭ سادىر بولىشى

تۇيۇلدۇ. دېمەك كىشىنىڭ سۆزىنىڭ بۇزۇقلىقى ئاشكارا بولدى.

ئەگەر ئۇ مۇشۇ سىيەدا ئاغزاقلىق گۇناھىنىڭ سادىر بولىشىغا

قىلدۇرغان بولسا ئەلۋەتتە گۇناھىنى تەرك ئېتىشكە تەكلىپ قىلىش

دورۇسى بولمايدۇ. ۋە ئۇ گۇناھىنى تەرك ئەتكەنلىكىگە بىنائەن

ساۋابىمۇ بىرىلمەيدۇ. مۇشۇنداق ھالدا بىر سۆزىنىڭ بۇزۇق

لىقى قانداقمۇ ئاشكارا بولسۇن؟!.

«تامام» بولغۇچى كىشىنىڭ ئۆز زامانىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى

ئەيىبلەپ بولىشى ئېھتىمال قىلىنمايدۇ، چۈنكى بەزىلەرتە باراۋەر-

بولغۇچى بەلكى بىلىمى ۋە ئەمەلى ئاز، بەزىلەرتە باشقىلاردىن

تۆۋەن كىشىمۇ بىرىدىن «تامام»لىقنىڭ پايدىلىرىنى ۋە ئۆزىنى بوز-

كۆچى كامىللاردىن بەكرەك تونۇيدىغان ۋە «تامام»لىق تەقەز
زا قىلدىغان هوكومەتلىرى ئۆرونلاشقا بەكرەك قادىر بولدۇ،
خوسوسەن باشقالاردىن بەزىلەتتە تووقۇنا كىشىنى «تامام»
تىكلەشى يامان ئىشلارى يوقاتقۇچىراق ۋە بېشىنىڭ ئەسىرلىرى
بەكرەكيىراق قىلغان بولسالا ئۆز زامانىدىكى كىشىلەردىن ئەپزەل
بولىشى شەرت قىلىنمايدۇ.) شۇنىڭ ئۈچۈن (شەرت قىلىنمىغانلىقى
ئۈچۈن) ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ «تامام» لىقنى ٦ كىشىنىڭ -
ئوتتۇرىسىدا بولارنىڭ بەزىسى بەزىسىدىن ئەپزەل ئىكەنلىكىگە جەزم
قىلىپ تۇرۇپ قالدۇق «مەسلىھەت» بولغان ھالەتتە قويدى.
ئەگەر بىر زاماندا ئەگلى تامام تىكلەشنىڭ دورۇسى بولمايدىغانلىقى

جەزم قىلىپ تۇرۇپ قىلغان «ئىمام» لىقنى 6 كىتابلىق ئوتتۇرىسىدا «مە
سلىھەت» قىلىپ قويۇشنى قانداق دورۇس بولىدۇ؟ (يەنى مەسلى-
ھەت قىلغاندا ھەزرىتى ئۆمەر بىر ئىمام، مەسلىھەت قىلىپ سايلىغا-
ندا بىر ئىمام بولۇپ قالامدۇ؟) دېيىلسە بىر جاۋاب بېرىپ دېمەككى:
دورۇس بولمىغانلىقى ھەر بىرلىگە تېرىم ئىشارەت قىلىدۇ ۋاجىپ
بولىدىغان مۇستەقىل 6 ئىمام تىكلەشى» دىن ئىبارەت چۈنكى مۇ-
نداق 6 ئىمام تىكلىگەندىن بىر-بىرىگە قارشى ھۆكۈملەرگە بويسۇ-
نۇشى لازىم كېلىدۇ. (بۇ مۇھال چۈنكى ھەر ئىككىسىنى ئورۇنلاشنى
مۇمكىن ئەمەس) ئەمما مەسلىھەت يوسۇندا بولسا ھەممىسى
بىر ئىمامنىڭ ئورنىدا.

«ئىمام» مۇتلەق كامىل (مۇسۇلمان، ئازات، ئەر، ئاقىل بالىغ)

ئىگىدارچىلىق ۋە ھالىمىن بولۇش شەرت قىلىندۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا

كاپىرلارنى چوڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستىگە يۈرگۈزىدىغان يولىنى-

تۇرغۇزۇپ بەرمىدى. قۇل بولسا كىشىلەرنىڭ كۆز قارىشىدا ئەڭ

تۆۋەن ھەقىقى كۆرۈلۈپ ئۆز خوجىسىنىڭ خىزمىتى بىلەن مەشغۇل.

بولىدۇ. ئىمام لىقنىڭ ئىشلىرىغا ۋاقىت چىقىرالمايدۇ. ھەم-

كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئىناۋىتى بولمىغاچقا كىشىلەر ئۇنىڭغا ئىقتىدا

قىلماسلىقى مۇمكىن. ئاياللار بولسا ئەرلەرنىڭ ئەقلى ۋە دىنى

ناقىس بولغاچقا «ئىمام» لىققا يول قويۇلمايدۇ، سەۋەبى بالا-

(بالاغەتكە يەتمىگەن) ۋە ساراڭ بولسا ئىشلارغا تەدبىر قول-

لىشىشى ۋە جومھورىيەتلەرنىڭ بايرىقى توغرىسىدا تەسەۋۋۇر

قىلىشىن كەمچىل كىلدۇ.

« ئىمام » بولغۇچى كىشىنىڭ ئۆز كۆز قارىشى ۋە تەجرىبىلىرى، ئىجادىيەت

لىشىنىڭ يادروسى، شەۋكەت ئىناۋىتى تەرقىلىق مۇسۇلمانلارنىڭ-

ئىشلىرىدىكى تەسەۋۋۇرچا ئىگە بولۇپ سىياسەت قوللانغۇچى بولىشى

شەرت قىلىندۇ. « ئىمام » بولغۇچى ئۆزىنىڭ بىلىمى ۋە تەدبىرلىكى-

يېتەكچىلىكى باتۇرلىقى تەرقىلىق ھۆكۈملىرىنى يۈرگۈزۈشكە

ئىسلام دىيارلىرىنىڭ چېگرالىرىنى مۇھاپىزەت قىلىشقا زالىمدىن

زۇلۇم قىلغۇچىغا قىساس ئېلىپ بېرىشكە قادىر بولىشى

شەرت قىلىندۇ. چۈنكى بۇ ئىشلارغا دەخلى يەتسە ئىمام

بەلگىلەنگەن بولغان ئەرەزگە دەخلى يەتكۈزىدۇ.

«تامام» گۇناھ قىلىش (ئاللاھ تائالانىڭ تاشىدىن چىقىش)
ئار قىلىش ۋە ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە زۇلۇم قىلىش ئارقىلىق
«تامام» لىقتىن بىكار قىلىنمايدۇ. چۈنكى «خۇلەپائى راشىد-
ىنلار» دىن كېيىنكى ئەمىر-تامام لاردىن بەندىلەرگە زۇلۇم قىلىش
ۋە گۇناھ قىلىش ئارتىلىپ كەتتى. سەلەپلەر بولسا ئۇ ئىماملارگە
بويسۇناتتى. جۈمە ھېيت نامازلىرىنى ئۇلارنىڭ روخسىتى بىلەن
ئادا قىلاتتى. ئۇلارغا قارشى چىقىشنى راۋا كۆرمەيتتى. چۈنكى
(«تامام» زۇلۇم قىلىش، گۇناھ قىلىش ئارقىلىق ئىماملىقتىن
بىكار قىلىنمايدىغانلىقىنىڭ 2-دەلىلى) «ئىسمەت» گۇناھدىن

سا قىلىنى قىلىش «ئىمام» لىقنىڭ باشلىنىشىدا شەرت ئەمەس

بۇ شەرت ئەمەسلىكىنىڭ داۋام قىلىشى ئەۋلا.

ئىمام شافىئى (بۇ كىشىگە ئاللاھنىڭ رەھمىتى بولسۇن) دىن-

«ئىمام گۇناھ قىلىش، زۇلۇم قىلىش قاتارلىق «ئىمام» لىقنى

بىكار قىلىدۇ. شۇنىڭدەك ھەرقانداق قازى ۋە ئەمىر گۇناھ

قىلىش زۇلۇم قىلىش قاتارلىق ئۆز ئەمەلىنى بىكار قىلىدۇ» دەپ رىۋا-

يەت قىلىندى. بۇ مەسىلىنىڭ يىلتىزى: پاسىق ئىمام شافىئى رەھ-

مەتۇللا ئەلەيھىنىڭ كۆز قارىشىدا ئىگىدارچىلىقنىڭ ئەھلىدىن

ئەمەس. چۈنكى ئۇ پاسىق ئۆزىنىڭ پايدىسىغا نەزەر قىلمايدىغانغا-

تۇرسا، ئۆزىدىن باشقىلارنىڭ پايدىسىغا قانداقمۇ نەزەر قىلسۇن؟

ئىمام ئۆزى مىنىڭ كۆز قارىشىمدا ئۆي ياسىغىنى ئىگىدارچىلىق ئەھلى-

دىن. ھەتتا ئىشىنداق بولغانلىقى ئۈچۈنلا (ئىگىدارچىلىق ئەھلى-

دىن بولغانلىقى ئۈچۈن) ياسىق دادىنىڭ ئۆزىنىڭ كىچىك قىزىنى

باشقىلارغا نىكاھلاپ بېرىشى دورۇس بولىدۇ.

شافىئىي مەزھەبتىكىلەرنىڭ كىتابلىرىدا يېزىلغان كالام: قازى گۇناھ

قىلىش ئارقىلىق ئەمەلىنى بىكار قىلىدۇ. «ئىمام» نىڭ خىلاپى بىلەنكى

ئىمام گۇناھ قىلىش ئارقىلىق ئەمەلىنى بىكار قىلمايدۇ. بۇنىڭ

ئوتتۇرىسىدىكى پەرق: گۇناھ قىلغانلىق سەۋەبى بىلەن ئىمامى

ئەمەلىنى بىكار قىلسا ۋە ئۇنىڭ خەيرىنى تىللەشنىڭ ۋاجىبلىقىدا

ئۇ ئىمامنىڭ ئىناۋەتسىز بولغانلىق جەھەتتىن پۈتۈنلەي چىقىپ قىلىشنىڭ

ئەسىرى بار. قازىنىڭ خەلىپى بىلەن.

ئۈچ ئۆلىما (مۇھەممەد، يۇسۇپ، زۇبەير) ياكى ئىمام ئەزەم باشلىق
دىن كەلگەن نادىر رىۋايەتلەردىن، بىلىشىقانىڭ قازى بولۇشنىڭ دۇرۇس
بولمايدىغانلىقى سۆزلەنگەن ماشايىخلارنىڭ بەزىسى دەسلەپتە
باشقىلارغا تەقلىد قىلىنسا تەقلىد قىلىنغان كىشىنىڭ قازى ياكى ئىمام بو-
لىشى ۋە ئۇلارغا تەقلىد قىلىش دۇرۇس بولىدۇ. ئەگەر تەقلىد قىلىنغان-
كىشى ئادىل بولغان ھالەتتە تەقلىد قىلىنسا ئۇ كېيىن گۇناقىلىش
لارقىلىق ئەمەلدىن بىكار قىلىنىدۇ، چۈنكى تەقلىد قىلغۇچى، ئۇنى تەقلىد قىلىن
غۇچى كىشىنىڭ ئادىللىقىغا ئىشىنىپ تەقلىد قىلغان ئىدى. مۇنداق ھالەتتە
تەقلىد قىلغۇچى، تەقلىد قىلغۇچى كىشىنىڭ ئادالەتسىز ھۆكۈم قىلىشىغا

رازى بولمايدۇ.

«فەتاۋايى قازىخان»دا ئۆلىمالارنىڭ، قازى پارا يەپ قالسا پارا
يىگەن ئىشتا ھۆكمى ئۆتمەيدىغانلىقىغا، قازى قازىلىقنى پارىخورلۇق
قىلغان بولسا، مۇنداق قازىنىڭ قازى بولمايدىغانلىقىغا ۋە ئەگەر
ھۆكۈم قىلسا ھۆكمى ئۆتمەيدىغانلىقىغا، ئىجماع قىلغانلىقى سۆز
لەنگەن.

ھەر قانداق ياخشى ۋە يامان كىشىلەرنىڭ كەينىدە ناماز ئوقۇش
دۇرۇس بولىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: صلوا خلف
كل بر وفاجر سىلەر ھەر قانداق ياخشى ۋە يامان كىشىلەرنىڭ كەينىدە
ناماز ئوقۇڭلار» دېگەن ئىدى. چۈنكى (ھەر قانداق ياخشى-يامان

كىشىلەرنىڭ كەينىدىن نامازنى ئوقۇشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكىنىڭ 2-دەلىلى)

ئۇممەتلەرنىڭ ئىماملىرى پاسىق كىشىلەرنىڭ كەينىدىن نامازنى ئوقۇيتتى

ۋە ئۇلار خاۋارىج بويىچە ئىتقاد قىلىدىغان گۇرۇھلارنىڭ كەينىدىن، ١

بىدئەتچى گۇرۇھلارنىڭ كەينىدىن نامازنى ئوقۇيتتى ھېچ بىر ئىنكار

قىلمايتتى. مانا شەيخلەرنىڭ بىرسىدىن نەقلى قىلىنىدىغان مۇبتە-

دىئنىڭ كەينىدىن نامازنى ئوقۇشنىڭ مەنئى قىلىنىشى كەراھىيەت-

(ياخشى ئەمەسلىك) بىلەن قارىتىلغاندۇر، چۈنكى پاسىق مۇبتەدىئ-

نىڭ كەينىدىن نامازنى ئوقۇشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى ھېچ تالاشسىز تار-

تىشى يوق مەسىلە پاسىق. مۇبتەدىئنىڭ كەينىدىن نامازنى ئوقۇشنىڭ

كاراھىيەتلىكى، ئەگەر ئۇ گۇناھ بىلەن بىدئەتكە كۆپرەك توختىغان-

تارتىپ بارمسا. ئەمما بۇ گۇناھ بىلەن بىدئەت كۆپرەك تۇخۇ-
مغا تارتىپ بارسا مۇنداق ياسىق بىلەن مۇبتەدئنىڭ كەينىدە
ناماز ئوقۇشنىڭ دۇرۇسى بولماسلىقىدا گەپ يوق.
قائىدىسى كىيىن مۇئتەزىلە گۇرۇھى بولار ياسىقى گەرچە مۇئمىن
دېمىسىمۇ لېكىن ياسىقنىڭ كەينىدە ناماز ئوقۇشنى دۇرۇسى
دېپ قارايدۇ. چۈنكى «ئىمام» لىقنىڭ شەرتى ئۇلارنىڭ ئى-
دىيىدە كاپىر بولماسلىق. قەلبىدە تەستىق قىلىش تىل بىلەن
ئىقرار قىلىش، ياخشى ئىشلارنى قىلىش. بۇلارنىڭ ھەممىسى
بىرگە بولۇشى مەنىسىدىكى ئىماننىڭ بولۇشى شەرت ئەمەس.
ھەرقانداق ياخشى ۋە يامان كىشى ئىماننىڭ ئۈستىدە تۇلۇپ

كەتسە ئۇنىڭ نامىزى ئوقۇلىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەي-
ھىسسالام «لاتدعوا الصلوة على من مات من اهل-
القبلة، يەنى ئەھلى قىبلىنىڭ ئىچىدىن ئۆلۈپ كەتكەن-
كىنىڭ نامىزىنى تەرك ئەتمەڭلار» دېگەن ج.دىن بۇنىڭغا
(ھەر قانداق ياخشى، يامان كىشى ئىمان ئۈستىدە ئۆلۈپ
كەتسە ئۇنىڭ نامىزى ئوقۇلىدىغانلىقىغا) ئىجماع سابىت
بولغان.
ئەگەر: بۇ يۇقۇرقى مەسىلىلەر پەقەت فىقھىنىڭ فەرئىلىرى
(شاخچىلىرى) نىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ بولارنى ئىلمى كالام
ئۇسۇلىدا كەلتۈرۈشنىڭ ھېچ قانداق ھاجىتى يوق.

ئەگەر مۇسەننىپ ئاشۇ مەسىلىلەرنىڭ ھەقلىقىنى ئىسپات

قىلىشنى ۋاجىب ئىكەنلىكىنى ۋە بۇنىڭ ئۇسۇلىنىڭ جۈملىدىن

ئىكەنلىكىنى ئىرادە قىلسا، پىقھى مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسى ئاشۇ

ئىلغا ئۇخشاشى ئۇنىڭ ھەقلىقىنى ئىسپات ۋاجىب» دېيىلسە بىز

جاۋاب بېرىپ دەيمىزكى: مۇسەننىپ، ئەھلى ئىسلامنىڭ قانۇنى

ۋە ئەھلى سۈننە ۋەلجەمائەنىڭ يولى بويىچە زاتنىڭ (اللاھ-

تائالانىڭ) سۈپەتلىرىنىڭ، ئىشلىرىنىڭ قىيامەتنىڭ، پەيغەمبەرلەر-

نىڭ، ئىماملىقنىڭ ئەتىقاتلىرىدىن ئىبارەت، ئىلمى كالامنىڭ-

ئاساسى مەقسەتلىرىنى تۈگىتىپ، ئۇنىڭدىن خالى بولغان ئىدى.

ئۇ ئارقىلىق ئەھلى سۈننە باشقىلاردىن ئايرىلىدىغان، ئۇلار

مەيلى پىقھىنىڭ بۆلەكلىرىدىن بولسۇن ياكى ئۇنىڭدىن ئۆزگە ئەقىدىگە

تەئەللۇق تاپىلغان جۈزئىيلەردىن بولسۇن، ئۇنىڭدا مۇتەزىلە

گۇرۇھى، ئەشئەرى گۇرۇھى، بەلكى بەش گۇرۇھى دىن ھەربىرى ياكى بولار-

دىن باشقا بىدئەت گۇرۇھى، ھەۋاء گۇرۇھى قاتارلىقلار-

نىڭ ئىختىلاپ قىلىشقان مەسىلىلىرىنى كەيرى ئۇلىشقا كاھىلاندۇ-

روپ قويۇشنى ئىرادە قىلدى.

بىز ساھابىلەرنىڭ بەقەدەر ياخشى گېپىلا قىلىمىز، چۈنكى ئۇلارنىڭ ياخ-

شى ئىكەنلىكى توغرىسىدا، ئۇلارنىڭ ھەققىدە تەنە قىلىشتا ئۆزىنىڭ

نى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋاجىب ئىكەنلىكى توغرىسىدا سەھىھ ھەدىسلەر كەل-

دى، ئۇ ھەدىسلەر تۆۋەندىكىدىن ئىبارەت: پەيغەمبەر ئەلەيـ-

ھىسسالام مۇنداق دېگەن «سىلەر مېنىڭ ساھابىلىرىمنى تىللىماڭلار

چۈنكى سىلەرنىڭ بىرى ئۇھۇد تېغىدەك ئالتۇننى نەپەقە قىلسا

ساھابىلىرىمنىڭ نەپەقە قىلغان بىر مۇدىغىمۇ ياكى يېرىم مۇد-

ىغىمۇ يېتەلمەيدۇ.»، سىلەر مېنىڭ ساھابىلىرىمنى ئىكرام

قىلىڭلار چۈنكى ئۇلار سىلەرنىڭ ياخشىراقىڭلار.......

«سىلەر مېنىڭ ساھابىلىرىم ھەققىدە ئاللاھ تائالادىن قورقۇڭ-

لار. مەندىن كېيىن ئۇلارنى غەيۋەت شىكايەتنىڭ نىشانى قىلماڭلار

ھەر قانداق ئادەم ساھابىلىرىمنى ياخشى كۆرىدىكەن، ئۇلارنى

مېنى ياخشى كۆرۈشى بىلەن كۆرگەن بولىدۇ، ھەر قانداق ئادەم-

ئۇلارنى دۈشمەن تۇتىدىكەن ئۇلارنى مېنى دۈشمەن بىلەن-

كىمكى ئۇلارغا ئازار بېرىدىكەن ھەقىقەتەن ماڭا ئازار بەرگەن بولىدۇ

دۈشمەننى تۇتقان بولىدۇ. كىمكى ماڭا ئازار بېرىدىكەن ھەقىقەتەن.

ئاللاھ تائالاغا ئازار بەرگەن بولىدۇ. كىمكى ئاللاھ تائالاغا ئازار-

بېرىدىكەن، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنى تۇتۇشى يېقىن.

ئاندىن كېيىن (ئۇلارنىڭ) ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ئوسمان (ئە. ئەلى. ر. ئە) ۋە

بولاردىن باشقا جۈملە ساھابىلەرنىڭ ئۇلۇغلىقى ھەققىدە سەھى

ھەدىسلەر بار. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولغان تالاش-تارتىش

جەڭ ئۇرۇشلار، بولارنىڭ قاتناشقان جايلىرى (سەھى جايلىرى)

بار. (ئىجتىھادتا خاتا كەتكەن دېگەنگە ئوخشاش) ۋە توغرا

تەئۋىللىرى بار. ئۇلارنى تىللاش، ئۇلار ھەققىدە تەنە قىلىش ئەگەر

كەسكىن دىللىك - ئىسپاتقا (قۇرئاننىڭ سۆزلىرىگە) قارشى كېلىدىغان

نەرسىلەرنىڭ جۈملىسىدىن بولسا، بۇ گويا رافىزىلەرنىڭ ھەزرىتى ئائىشەم-

رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا توھمەت قىلغانلىقى ئۈچۈن كاپىرلىقى. (ھالبۇكى قۇر-

ئاننىڭ روشەن ئايەتلىرى ئائىشىنى ئاقلاۋاتىدۇ.) ئەگەر ئۇنداق بولمىسا

(ئۇلارنى تىللاش ۋە ئۇلار ھەققىدە تەنە قىلىش كەسكىن دىللىككە قار-

شى كېلىدىغان نەرسىلەرنىڭ جۈملىسىدىن بولمىسا) بۇ بىدئەت ۋە پىسقى

بولىدۇ.

6

دفتر – 6

دېمەك: مۆجىزە ھەدىسلەيلەردىن، يالغۇز يارىملىق ئالىملار-
دىن ھەزرىتى مۇئاۋىيە ۋە ئۇنىڭ گۇرۇھلىرىغا لەنەت ئېيتىشنىڭ
دورۇسلىقىنى نەقلى قىلمىدى، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنىڭ چېكى ئىمام-
غا قارشى چىقىش ۋە ئاسىيلىق قىلىش بولۇپ بۇ لەنەت ئېيتىشنى كەل-
تۈرۈپ چىقارالمايدۇ. ئۇ ئۆلىمالار پەقەت مۇئاۋىيەنىڭ ئوغلى
يەزىدكە لەنەت ئېيتىش دورۇسمۇ ياكى دورۇس ئەمەسمۇ، مۇ-
نۇ مەسىلىدىلا ئىختىلاپ قىلىشتى. ھەتتا خۇلاسە ۋە مۇندىن با-
شقا كىتابلاردا: يەزىدكە، ھەججاجغا لەنەت ئېيتىش لايىق ئەمەس
چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازنى ئوقۇغۇچىلارغا ۋە قىبلە-
ئەھلىدىن بولغان كىشىگە لەنەت قىلىشتىن توسقان» دېگەن يەكۈنلەر

سۆزلەنگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن نەقىل قىلىنغان، پەي-
غەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەزى قىلىق ئەھلىگە لەنەت قىلغانلىقى.
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، كىشىلەرنىڭ، ئۆزلىرىدىن (پەيغەمبەر-
ئەلەيھىسسالام) باشقا كىشى بىلمەيدىغان ئەھۋالنى بىلگەنلىكى
توغرىدا.

ئۇقۇملارنىڭ بەزىسى، يەزىد ھۆسەيننى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇغان چا-
غدا. كابىر بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا لەنەتنى ئىشلەتتى ۋە ئۇلار-
نىڭ ھۆسەيننى ئۆلتۈرگەن. ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇغان ئۆلتۈرۈشكە
روخسەت قىلغان. ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە رازى بولغانلىكى ئۈچۈن ئۈستىگە
لەنەت يېتىشىنىڭ دورۇسلىقىنى ئىسپاتلاشقانلىق جەھەتىدىن.

(يەزىدكە لەنەت قىلىشى).

ھەقىقەت: يەزىدنىڭ ھۇسەيننى ئۆلتۈرۈشكە رازى بولغانلىقى-

ۋە شۇ ئىشقا قىلچە خۇشخە ۋە ھاسىل قىلغانلىقى ۋە پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھلى بەيتلىرىنى ئاھانەت قىلغانلىقى گەرچە

ئۇنىڭ تەپسىلاتلىرى يەككە-يەككە بولسىمۇ مەنىسى مۇتەۋاتىر

دەرىجىسىگە يەتكەن خەۋەرنىڭ جۈملىسىدىن. بىز بولساق ئۇ بەد-

بەختنىڭ ھالى ھەققىدە بەلكى ئۇنىڭ ئىمانىنىڭ يوقلۇقى ھەققىدە

ھېچ نەرسىگە قاراپ قالمايمىز. يەزىد بەدبەختكە ئۇنىڭ ھىمايىچىلىرى

گە ۋە ئۇنىڭ ياردەمچىلىرىگە ئاللاھ تائالانىڭ لەنىتى بولسۇن!!!

ونشهد بالجنة للعشرة ...

بىز، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا خۇش خەۋەر بەرگەن
ئون كىشىنىڭ جەننەتتە ئىكەنلىكىگە گۇۋالىق بېرىمىز. چۈنكى پەيغەم-
عمر جەننەتتە عثمان جەننەتتە علي جەننەتتە
بەر ئەلەيھىسسالام «ئەبۇبەكرى جەننەتتە، تەلھە جەننەتتە-
زۇبەير جەننەتتە. ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف جەننەتتە
سەئد ئىبنى ئەبى ۋەققاس جەننەتتە، سەئىد ئىبنى زەيد-
جەننەتتە. ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى ئەلجەرراھ جەننەتتە.» دېدى.
شۇنىڭدەك ياتىمە، ھەسەن، ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ
ملارنىڭ جەننەتتە ئىكەنلىكىگە گۇۋالىق بېرىمىز. چۈنكى سەھى-
ھ ھەدىستە ياتىمە ئەھلى جەننەتتە بولغان ئاياللارنىڭ خوجى-
سى ھەسەن، ھۈسەيىن ئەھلى جەننەتتە بولغانلار بۇتۇن-

ياشلارنىڭ خوجىسى دەپ كەلدى . باشقا ساھابىلەرنىڭ مۇۋەققەت

ياخشى سۆزلەپ قىلدۇق . ئۇلارغا باشقا مۆئمىنلەرگە ئۈمىت قىلدى

غان ئەرسەلەرنىڭ كۆپرەكىنى ئۈمىت قىلدۇق بىز ھېچ بىر كىشىنىڭ جە

ننەتى ياكى دوزىخى ئىكەنلىگىگە گۇۋالىق بەرمەيمىز بەلكى مۆئمىننىڭ

ئەھلى جەننەتى ئىكەنلىگىگە ، كافىرلارنىڭ ئەھلى دوزىخى ئىكەنلىگىگە

گۇۋالىق بېرىمىز ،

## ونرى المسح على الخفين ....

بىز . سەپەردە ۋە ھازىرلىقتا ئۆتۈككە ئاياقتا مەسھى قىلىشنى توغ-

را دەپ قارايمىز . چۈنكى بۇ مەسىلە گەرچە كىتابتا ئارتۇق بولسى

مۇ لېكىن مەشھۇر خەۋەرلەر بىلەن قىلىق سابىت . ئەبۇ تالىبنىڭ

ئوغلى ھەزرىتى ئەلىدىن، ئىككى ئاياغقا مەسھى قىلىش توغرىسىدا

ئۇ مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن: رەسۇلۇللاھ ئىككى ئاياغقا مەسھى

قىلىشنى مۇساپىرغا ئۈچ كېچە-كۈندۈز، مۇقىمغا (ئۆز شەھرىدە

تۇرغۇچى، مۇساپىر ئەمەس كىشى) بىر كېچە كۈندۈز قىلدى». ھەزرىتى

ئەبۇ بەكرى سىددىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئۆزىنىڭ ئىككى ئاياغ-

قىنى تاھارەتتە بار ھالەتتە كەيسە ئۇ (ئىككى ئاياغنىڭ) ئۈستىگە

مەسھى قىلىشنى مۇساپىرغا 3 كېچە كۈندۈز مۇقىمغا بىر كېچە كۈندۈز

رۇخسەت قىلدى.» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى.

ھەسەن بەسرى رەھمەتۇللاھ ئەلەيھى: مەن يەتمىش نەپەر

ساھابىنىڭ ئىككى ئاياغ ئۈستىگە مەسھى قىلىشنى توغرا دەپ قارى.

غانلىقنى بىلىمەن.» دېدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىمام ئەزەم: «مەن ئىلگىرى

ئاياق ئۈستىگە مەسھى قىلىشقا، كۈندۈزنىڭ يورۇ قىلغانغا ئوخشاش

روشەن دەلىللەر كەلمىگۈنچە قايىل بولمىغان ئىدىم.» دېدى. ۋە ئىمام

كەرخى: «مەن ئىلگىرى ئاياقنى مەسھى قىلىشنى توغرا تاپمىغانلارنىڭ

كاپىر بولۇپ كېتىشىدىن قورقىمەن چۈنكى ئۇلار ئىلگىرى ئاياققا مەسھى

قىلىش ھەققىدە كەلگەن ئەسەرلەر «مۇتەۋاتىر» نىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ.

دېمەك: ئىلگىرى ئاياق ئۈستىگە مەسھى قىلىشنى توغرا دەپ قارىمايدىغان

كىشى ئەھلى بىدئەتتۇر. ھەتتا شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ھەزرىتى

ئەنەس ئىبنى مالىك (رنك) دىن ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ھەق-

قىدە سورالغاندا، ئۇ مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن: «ئەھلى سۈننە

ۋەلېكىن مائەنىڭ ئالاھىدىلىكى (ئالامىتى) ئىككى ئىشەنچى (ئەبۇبەكرى

ۋە ئۆمەر) ياخشى كۆرۈش. ئىككى كۈيئوغۇلنىڭ ھەققىدە (ئوس-

مان ۋە ئەلى) تەنە قىلماسلىق. ئىككى ئاياق ئۈستىگە مەسھى قىلىش،

ولا نحرم نبيذ التمر بىز خورما ئىچىمىنى ھارام-

دېمەيمىز. بۇ ئىچىما: خورما ياكى قۇرۇق ئۈزۈم (مېيىز) سۇدا

ئېچىلدۇ-دە ساپال قاچىدا قويۇلدۇ. سۇنىڭ بىلەن بۇ ئىچىمدا

ئانار ئىچىمدەك قائىسقلىق پەيدا بولىدۇ. مېنىڭ ئويلىشىمچە

ئىسلامنىڭ باشلانغۇچ ۋاقتىدا بۇ خورمىنىڭ ئىچىمىدىن-

نەھى قىلىنغان. چۈنكى ئۇ چاغلاردا خورمىنى ئىچىدىغان كۆپلەر

ھاراق قاچىلىرى ئىدى. ئاندىن كېيىن بۇ نەھى قىلىنغان ھۆكۈم

مەنسوخ قىلىندى. بو خورما ئىچىمىسىنىڭ ھارام بولماسلىقى ئەھلى

سوننە ۋەلجەماڭەنىڭ قائىدىلىرىدىن بولۇپ رابىزلارغا قارشى

كىلدۇ. بو خورما ئىچىمىسىنىڭ ھالال بولىشى بۇ ئىچىلىشى قاتتىق

بولۇپ كىتىپ، مەست قىلىدىغان دەرىجىگە چايلىنىشنىڭ خىلاپى بىلەنكى

بو چاغدا ھارام بولدۇ. بو قاتتىق ئىچىلىپ مەست قىلىش دەرىجىگە

چايلانغان خورما ئىچىمىسىنىڭ ئاز قىسمىنىمۇ كوپ قىسمىنىمۇ

ھارام دىگەنلەرگە قايىل بولۇشى. چۈنكى ئەھلى سوننە ۋەلجە-

ماڭەنىڭ كوپ قىسمى بارغان مەسلىكى جوملىسىدىن.

ولا يبلغ ولي درجة الانبياء . ۋەلى پەيغەم

بەرلەرنىڭ دەرىجىسىگە يەتەلمەيدۇ. چۈنكى پەيغەمبەرلەر ۋەلىلىكنىڭ

كامالاتلىرى بىلەن سوپەتلىك بولغاندىن كىيىن، گوناھىدىن ساق-

لىق قالغۇچىدۇر. توگەنچىلىك قور قونچىدىن (ئىمان بىلەن

كەتەرمەنمۇ ياكى كەتەلمەسمەنمۇ؟) خاتىرجەم قىلغۇچىدۇر.

ۋە ھىچ بىلەن ۋەھيە رەسۇللەرنى كۆرۈشى بىلەن ئىكرام قىلغۇ

چىدۇر. ھوكۈملەرنى پەتىلوزوشكە، كىشىلەرنى توغرا يولغا باشلى

لاشقا بويرولغۇچىدۇر. بەزى كەرىرامىيە گۇروھلىرىدىن نەقىل

قىلىنغان. ۋەلىلىك پەيغەمبەردىن ئەپزەل بولۇشلىك دورۇسلىقى

كۆپرىدۇر. ۋە گۇمراھلىقتۇر. توغرا پەيغەمبەر ھەر ئىككىلى

سوپەتا بىلەن سوپەتلەنگۈچى ۋە پەيغەمبەر بولغان ۋەلىدىن

ئەپزەل دېگەنلىكتە جەزىم قىلىپ بولغاندىن كىيىن سۆزىيەم-

بەرنىڭ ۋۇجۇدىدىكى پەيغەمبەرلىك مەرتىۋىسى ئەبەدىلىمۇ

يانى ۋەلىلىق مەرتىۋىسى ئەبەدىلىمۇ بولغاندا ئىككىلىسى بولۇپ

قالىدۇ.

ولا يصل العبد . . . بەندە ئاقىل بالىغ بولۇپ-

دىكەن ئۇلۇغلاردىن شەرىئەتنىڭ بۇيرۇق نەھيلىرى كۆتۈرۈلۈپ

كېتىدىغان ھالەتكە يەتمەيدۇ. چۈنكى تەكلىپلەردە كەلگەن خىتاب

لار ھەممىسى ئامم. (يەنى بۇ بەندە ئاقىل بالىغ بولسا ئۇنىڭدىن

بۇيرۇق نەھيلەر كۆتۈرۈلۈپ كېتىدىغان ھالەتكە يەتمەيدىغان-

لىقىدا) بۇنىڭغا موجتەھىدلەرنىڭ ئىجماسى بار.

ئىباھىي گۇرۇھلارنىڭ بەزىسى بەندىنى موھەببەتنىڭ غايىسىگە يە-

تسە، ئۇنىڭ قەلبىنىڭ سوزوكلىكى چىڭلايەتسە، ئىمانىنى

كۆيەرنىڭ ئۈستىگە نىفاقنى ئىختىيار قىلسا. ئۇ بەندىسى بويرۇ

ق ۋە نەھى كۆتۈرۈلىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇ بەندىنى چوڭ گۇنا-

ھ قىلىش بىلەنمۇ دەۋزەخكە كىرگۈزمەيدۇ.» باردى ئۇلارنىڭ

يەنە بىرسى بەزىسى، يوقۇر قىدەك بەندىدىن زاھىر ئىبادەتلەر

كۆتۈرۈلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىبادىتى تەپەككۇرلا بولىدۇ.» ئابادى

بۇ بولسا بۇتونلەي كۆيەرىدۇر ۋە گۇمراھلىقتۇر. چۈنكى ئاللاھ

تائالانى موھاببەت قىلىش ۋە ئىماندا كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ

كامىللىقى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدۇر. خۇسۇسەن ئاللاھ

تائالانىڭ دوستى صلى الله عليه وسلم دۇر. شۇ ھالەتتە تۇرۇپ ئۇلارنىڭ

ھەققىدىكى تەكلىپ ئۈممەتلىرىدىكى تەكلىپتىن تولۇقراق كامىلراق

ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ؛ ئاللاھ بىر بەندىسىنى ياخشى

كۆرسە ئۇنىڭغا گۇناھ زەرەر يەتكۈزمەيدۇ،» دېگەن سۆزىنىڭ

مەنىسى ئاللاھ تائالا ئۇ بەندىسىنى گۇناھدىن ساقلاپ قالىدۇ.

شۇ ئارقىلىق ئۇ بەندىگە گۇناھنىڭ زەرىرى لايىق بولمايدۇ» دېگەن

ئىبارەت.

## والنصوص تحمل على ظواهرها...

قۇرئان ۋە سۈننەتنىڭ روشەن ئەسلىرى (تېكىستلىرى) ئۇنىڭ

زاھىرلىرى جەھەت. جۈملەرنى بىلدۈرۈپ قويىدىغان ئاتايەتلەر

دەلىلدىكى ئۇنىڭ زاھىرىغا قارىتىشتىن توسىدىغان كەسكىندۇر.

لىك بولسا، ئۇنىڭ (ئايەتلەرنىڭ) زاھىرىغا قارىتىلدۇ،

باتىقلار تەرىپىدىن، بولار (ئۇنىڭ زاھىرى جەھەت، جىسىملىكى

بىلدۈرۈپ قويىدىغان ئايەتلەر « الرحمن على العرش-

استوى يد الله فوق ايديهم ») نەسى ئەمەس بەلكى.

«موتەشابىھات»نىڭ جۈملىسىدىن دېيىلسۇن. چۈنكى بىز بۇ

جايدىكى «نەس» دىن مۇرات، «زاھىر ۋە مۇپەسسەر»نىڭ

قارشىدىكى، مۇھكەمنىڭ/قارشىدىكى نەس ئەمەس بەلكى

كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا مەشھۇر بولغان نەرسكە بىنائەن

ئەزمنىڭ قىلىشىغا ئام بولىدىغان نەس مۇرات.» دېيمىز.

بۇ ئايەتلەرنىڭ زاھىرىدىن ئەھلى باتىن دەۋا قىلغان مەنالەر-

كە چەتنەشى (ئەھلى باتىن بولار ھەق يولىنى ئازغان كىشىلەر
بولار قۇرئاننىڭ سۈننەتنىڭ روشەن نەسلىرىنىڭ قورولمىسى
ئۇلارنىڭ زاھىرى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ موئەللىمىدىن باشقا ھېچ
كىم بىلمەيدىغان باتىنى مەنىلىرى بار،، دەپ دەۋا قىلغانلىق
چەھەتتىن،، باتىنىيە ئىچكىرىچى گورۇھ،، دەپ ئاتالغان. بولار
نىڭ مۇنداق دەۋا قىلىشىنىڭ ئاساسى مەقسىدى،، شەرىئەت،، نى
توپ-يىلتىزىدىن پۈتۈنلەي يوقۇتۇشى) ئىسلامدىن چەتنەتمەك
لىك. ۋە كۆپىنچە ئۇرۇنلاردا ئورۇنلىغانلىقتۇر. چۈنكى بۇ نەسلەرنىڭ
زاھىرى مۇراد ئەمەس دېيىش) ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام
نىڭ كەلتۈرگەنلىكى بەدىھى ھالەتتە بىلىنگەن نەسنى يالغان

دىن قارىغانلىق. ئەمما بەزى مۇھەققىق ئالىملارنىڭ نەسلەر

زاھىرىغا قارىتىلغانلىقى ئۈستىگە ئۇ (نەسلەر) نىڭدا سولۇك ئەر-

بابلىرىغا كەلسە (سولۇك ئەرباپلىرى؛ ۋەلىلىق مەرتىۋىگە

يېتىدىغان ھەققىي مۆئمىن) بولىدىغان زاھىر مەنالىرى بىلەن ئۇنىڭ

ئوتتۇرىدا تەتبىقلاشقا مۇمكىن بولىدىغان ئىنچىكە نازۇك مە-

نالارغا مەخپىي ئىشارەت بار» دېگەن مەزھىبى بولسا ئىمانىنىڭ

كامىللىقىدىن خالىسى ھەققىي تونۇغانلىقىنىڭ نەتىجىسى.

(بۇنىڭ بىر تۈرلۈك مىسالى تۆۋەندىكىچە؛ ھەزرىتى ئىبراھىم-

ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالادىن ئۆلۈكنى قانداق تىرىلدۈر-

ىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويۇشنى سورىغان، ئىبراھىم-

ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھ تائالا سەن مېنىڭ ئۆلۈكنى تىرگۈزىدى
غانلىقىمغا ئىشەنمەمسەن ؟ دېگەندە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام
ئۆلۈكنى تىرگۈزىدىغانلىقىڭغا ئەلۋەتتە ئىشىنىمەن لېكىن مېنىڭ
قەلبىم كامىل ئارام ئېلىپ ئىشىنىشىم تېخىمۇ مۇستەھكەم بو-
لىشى ئۈچۈن كۆرسىتىپ قويۇشىڭنى تىلەيمەن (دېگەندە) دېگەن
ئاللاھ تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى 4 دانە ھايۋان، قاغا،
خوراز، توز، چوغدىك، نى ئۆلتۈرۈپ جانابى بىر بىرىگە ئارلاش
تۇرۇپ 4 تاغقا ئايرىپ قويغاندىن كېيىن، ئۇلارنى بىر-بىرلەپ
چاقىرىشقا بۇيرىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇيرۇقنى شۇ
بويىچە ئورۇنلاپ ئۇلارنى بىر بىرلەپ چاقىرغاندىن كېيىن -

ھەممىسى تىرىلىپ كەلدى. ئەمدى بۇ جايدا ئاللاھ تائالانىڭ

قاغىنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇشىدا قاغا دۇنيادا ئەڭ ئۆزنىڭ

يېمەكلىككە ھېرىس نەرسە شۇڭلار قىلىق ئىنسانمۇ ئۆزنىڭ

دۇنياغا بولغان ھېرىسلىقىنى يوقىتىپ ئۆزنىڭ يادىنىشى لازىم

ئىكەنلىكىگە خورازنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇشىدا، خوراز دۇنيا-

دا ئەڭ شەھۋەتپەرەس نەرسە. بۇنداق قىلىپ ئىنسان شەھ-

ۋىتى نەپسىگە بېرىلمەي ئۆزنى توغرا يولغا چۈشۈرۈپ. ئىبا-

دەت قىلىشى لازىم ئىكەنلىكىگە توزنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇشىدا

توز دۇنيادا ئەڭ مۇتەكەببىر نەرسە، بۇنداق قىلىپ ئىنسان

ئۆزنىڭ مۇتەكەببىرلىكىنى يوقىتىپ ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت

قىلىش لازىم ئىكەنلىكىگە، چوقۇندىغاننى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇ-
شىدا چوقۇندىغان دۇنيادا ئەڭ ئەزىزى يامان نەرسە بولغان
قىلىش ئىنساننى ئۆز ئىدىكى ئەزىزىنى يوقىتىپ ئىفرىسىق بولىشى
لازىم ئىكەنلىكىگە ئىشارەت بار.)

## ۋە ردالنصوص كفر ئۇنى قورقىتان ۋە ھەمدەستىن

ئىبارەت كەسكىن دەلىللەر بىلەن قوزغىلىپ بەرگەن ھۆكۈملەرگە
ئىنكار قىلىش (مەسىلەن جەسەتلەرنىڭ تىرىلىدىغانلىقىغا ئۆخ-
شىماسلىق) ئىنكار قىلىش نەسلەرنى رەت قىلىش كۇپرىدۇر، چۈنكى
بۇ (نەسلەرنى رەت قىلىش) ئاللاھ تائالانى ۋە ئاللاھ تائالا-
نىڭ رەسۇلىنى ئۇچۇقتىن ئۇچۇق يالغان دەپ قارىغانلىق

بولدۇ. ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى زىنا بىلەن
تۆھمەت قىلغان ئادەم كاپىر دەپ قارىلىدۇ.
ئۇنىڭ گۇناھ ئىكەنلىكى كەسكىن دەلىللار ئارقىلىق سابىت-
بولغان گۇناھنى ھالال دەپ قاراش (ئۇ گۇناھ مەيلى چوڭ
بولسۇن ياكى كىچىك بولسۇن) كۇپىردۇر. (بۇ مەسىلە يۇقۇرقى
«ھە نەسلەرى رەتتا قىلىش» دىن بىلىنگەن)
* چوڭ كىچىك گۇناھنى يەڭگىل دەپ قاراش ئۇنى ئاددى
چاغلاش كۇپىردۇر. شەرىئەتنى زاڭلىق قىلىش كۇپىردۇر.
چۈنكى بۇلارنىڭ ھەممىسى يالغان دەپ قارىغانلىقنىڭ بەل-
گىسى.

مۇشۇ ئۇسۇللارغا بىنائەن يېتۈك كىتابلىرىدا سۆزلەنگەن
«بىر كىشى ھالالنى ھارام دەپ ئېتىقات قىلسا، بۇ كىشى ھالال دەپ
ئېتىقات قىلغان ھارامنىڭ ھاراملىقى ئۆز ئەينىنىڭ جەھەتتىن
بولسا ۋە ئۇ كەسكىن دەلىللەر ئارقىلىق سابىت بولغان ھارام بولسا
(مەسىلەن زىنا، خەمر ئىچىش) مۇنداق كىشى كاپىر بولىدۇ. ئەگەر ئۇ
ھالال دەپ ئېتىقات قىلغان ھارامنىڭ ھاراملىقى ئۆزىنىڭ غە-
يرىنىڭ جەھەتتىن بولسا (ھەيزدار ئايال بىلەن جىنسىي ئالاقە
ئۆتكۈزگەندەك) ياكى ئۇنىڭ ھاراملىقى گۇمانىي دەلىللەر ئارقىلىق
سابىت بولغان بولسا مۇنداق كىشى كاپىر بولمايدۇ.» مۇ-
شۇ يەكۈنلەرگە يېتىلىدۇ.

ئالىملارنىڭ بەزىسى ئۆزئەينىڭ جەھەتىدىن بولغان ھارام بىلەن

ئۆزىنىڭ غەيرىنىڭ جەھەتىدىن بولغان ھارامنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەرق

ئىنكار قىلدى — دەپ مۇنداق دېدى: مەھرەملەرنى نىكاھىغا

ئالغانغا ئوخشاش، مەجبۇرلانمىغان زورورىيەتتە تېلىمغا

ئالساستا ھاراق ئىچىش، يالغۇز ئولۇكنى (ئۆزى ئۆلگەن ھايۋان)

نى يېيىش ياكى قاننى ۋە توڭگۇزنى يېگەنگە ئوخشاش ئو-

نىڭ ھاراملىقى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دىندا ئۇچۇق

بىلىنگەن ھارامنى بىركىم ھالال دېسە مۇنداق ئادەم-

كاپىردۇر. بۇ يۇقۇرقى ھارام نەرسىلەرنى ھالال دەپ قارىماس-

تىن قىلسا پاسىقتۇر، بىركىم مەسى قىلىش مۇقۇررىغايە.

تىكەن خورما جىلانىنى ئىچكى ھالال دەپ قارىسا بولۇۋېرىدۇ

ئەگەر بىر كىشى ئۆزىنىڭ مال-مۈلكىنى راۋاجلاندۇرۇشى ئۈچۈن

بىر ھارام نەرسىنى «بۇ ھالال» دېسە، ياكى بىلمىگەنلىكىنىڭ ھۆكمى

بىلەن شۇنداق دېسە كاپىر بولمايدۇ. بىر كىشى ئۆزىگە قىيىنچىلىق

كەپقالغانلىق ئۈچۈن ھاراقنىڭ ھارام بولماسلىقنى ياكى رامىزان-

روزىسىنىڭ پەرز بولماسلىقنى ئارزۇ قىلسا كاپىر بولمايدۇ. زىنا-

نىڭ ۋە ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈشنىڭ ھارام بولماسلىقنى-

ئارزۇ قىلىشنىڭ خىلايى بىلەنلىكى بولارنىڭ ھارام بولماسلىقنى

ئارزۇ قىلسا كاپىر بولىدۇ. چۈنكى زىنا ۋە ناھەق خۇن تۆكۈشنى

نىڭ ھاراملىقى دىنلارنىڭ ھەممىسىدە سابىتتۇر، ھېكمەتكە

مۇۋاپىقتۇر. بىر كىشىم ھېكمەتتىن چىقىشنى ئىرادە قىلسا

ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالاغا ھېكمەت ئەمەس نەرسە بىلەن

ھۆكۈم قىلىشنى ئىرادە قىلغان بولىدۇ. بۇ بولسا ئۇنىڭ ئۈچۈن

زىيىنى بىلىنگەنلىكى. ئىمام سەرەخسى رەھىمەھۇللاھۇ

«كىتابۇلھەيز» دا مۇنداق، دېگەن «بىر كىشى ئۆزىنىڭ

ھەيزدار ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىشنى ھالال دەپ

قارىسا كاپىر بولىدۇ.» ئىمام مۇھەممەد رەھىمەھۇللا-

ھۇدىن مۇنداق كىشى (ئۆزىنىڭ ھەيزدار ئايالى ۋەتى

قىلىشنى ھالال دەپ قارىغان ئادەم) كاپىر بولمايدۇ» دەپ

نادىر رىۋايەتلەر كەلدى. بۇ سەھۋدۇر. (ئۆ).

ئۆزىگە يېلىنىش ئارقاتەرىپ بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلىشنى ھالال-

دەپ قارىسا كاپىر بولمايدۇ. (چۈنكى بۇنىڭ ھاراملىقى گۇمانى

دەلىل ئارقىلىق سابىت بولغان) سەۋەبى دەپ قارالغان مەز-

ھەپكە بىنائەن.

ئاللاھ تائالانى، ئاللاھ تائالاغا لايىق بولمايدىغان نەرسە-

بىلەن سۈپەتلىگەن ياكى ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىملىرىدىن بىر-

ئىسمىنى ياكى بۇيرۇقلىرىدىن بىر بۇيرۇقىنى مەسخىرە قىلغان

ياكى ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسىگە ياكى ۋەئىد-(قورقۇتۇشى)

سىگە ئىنكار قىلغان ئادەم كاپىر بولىدۇ. شۇنىڭدەك لوزگە ئىل-

مىغانلىقىنى مەقسەت قىلغانلىقىغا بىنائەن ياكى ئاداۋەت.

قىلغانلىقىغا بىنائەن پەيغەمبەر بولماسلىقنى ئارزۇ قىلسىمۇ

كاپىر بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ كۇپىر سۆزلىرى بىلەن سۆزلىگەنلەر

كىچىك تۇغۇلسىدا ئىختىيارى بولغان ھالەتتە كۈلسە كاپىر بولىدۇ

ئەگەر بىر كىشى (دىنى ئالىم) ئىگىز جايدا ئولتۇرغان ھالەتتە

ئۇنىڭغا ئەتراپىدىكى بىر توپ جامائەت ئۆگەتكەن مەسىلىسو

راپ، ئۇنى مەسخىرە قىلىپ كۈلسە ئاپاستۇ قىلارنى ئاتسا

شۇ جامائەت ئىلە رەسنىڭ ھەممىسى بىردەك كاپىر بولىدۇ. خۇددى

بۇ قۇر قىدەك. بىر كىشى ئاللاھ تائالاغا كۇپىرلىق قىلغاندا بۇ-

يەنە يولغان يا ئاللاھغا كۇپىرلىق قىلغاندا بۇيرۇشى جەزمەن

مەقسەتتە قىلغان ئادەم، بىر ئايالغا، شۇ ئايال ئېرىدىن ئاجرا-

شۇڭلىقى ئۈچۈن كاپىر بولۇشقا پەتىۋا قىلىپ بەرگەن ئىدىم

ھاراق ئىچكەندە زىنا قىلغاندا «بىسمىللا» دېگەن ئىدىم،

قىبلىدىن باشقا تەرەپكە يۈزلەندۈرۈپ ناماز ئوقۇغان ئىدىم

قەستەن تاھارەتسىز ناماز ئوقۇغان (بۇ ناماز گەرچە قىبلىگە

كەلسىمۇ) ئىدىم، كۇپرىلىق سۆزلەرنى، ئىشقان قىلسىمۇ.

يەڭگىل دەپ قارىغان ئىدىم (يەڭگىل دەپ قاراپ ئۇنىڭكى بىلەن

سۆزلىگەن) ۋە مۆمىنلەردىن باشقا پەرىشلەرنى قىلغان ئىدىم

مەسىلەن «مەن ئەگەر ئىلاھ خالىسا مۆمىنمەن» دېگەن ئىدىم...

قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى كاپىر بولدۇ.

# واليأس من الله تعالى كفر

ئاللاھ تائالا (نىڭ رەھمىتى مەھرۇملۇقى) دىن ئۈمىدسىز-
لىنىش كۇفىردۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا: «ئاللاھ تائالانىڭ رەھمى-
تىدىن پەقەت كاپىر قەۋملا ئۈمىدسىزلىنىدۇ» دەيدۇ.

ئاللاھ تائالا (ئاللاھ تائالانىڭ ئازاۋىدىن) دىن ئەمىن بولۇ-
شى كۇفىردۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا: «ئاللاھنىڭ ئازاب مەكرى-
دىن پەقەت زىيانكار قەۋملا ئەمىن بولىدۇ» دەيدۇ.

ئەگەر باشقىلار تەرىپىدىن، كىشىنىڭ دوزاخى بولىدىغانلىقى-
غا جەزم قىلىش ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنگەن-
لىك، ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇقلىرىغا ئىتائەت قىلغۇچىلىكىچە-

بىنە تىتە بولدىغانلىقىغا جەزىم قىلىش ئاللاھ تائالانىڭ ئازاۋى
دىن ئەمىن بولغانلىق، مۇسۇلمانغا ئەن مۆئمىنلەرنى ئاسى
بولسۇن ياكى ئىتائەت قىلغۇچى بولسۇن ئۇنىڭ كاپىر بولىشى لا-
زىم كەلدۇ. چۈنكى ئۇ، مۆئمىنلەرنى يا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمە-
تىدىن ئۈمىدسىزلەندۈرگۈچى بولدۇ، يا ئاللاھ تائالانىڭ ئازاۋىد-
دىن ئەمىن بولغۇچى بولدۇ. (چۈنكى بولار، ئاسى ئاللاھ تائا-
لانىڭ دوزاخقا كىرىشى ۋاجىب، ئىتائەت قىلغۇچىنى جە-
ننەتكە كىرىشى ۋاجىب دەپ ئىتائەت قىلدۇ.) ۋاھالەنكى
ئەھلى قىبلەدىن بولغان ھېچ بىركىشىنى «كاپىر» دېمەسلىك
ئەھلى سۈننە ۋەل جەمائەنىڭ قائىدىسى.» دېيىلسە، بىز

جاۋاب بىرىپ دېيەرلىكى بۇ (ئاسىينىڭ دوۋزەخدە بولا-

دىغانلىقىغا جەزم قىلدى، شائەت قىلغۇچىنىڭ جەننەت-

دە بولىدىغانلىقىغا جەزم قىلدى) ئاللاھ تائالانىڭ رەھمە-

تىدىن ئۈمىتسىزلەنگەنلىكمۇ ئەمەس خاتىرجەم (ئاللاھ

تائالانىڭ ئازاۋىدىن) بولغانلىقمۇ ئەمەس، چۈنكى ئۇمۇ-

ئەزلە ئاسىي بولغان تەقدىردىمۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىنى

تەۋبە قىلىشقا ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا يېتەشتۈرۈشىدىن

ئۈمىتسىزلەنمەيدۇ. شائەت قىلغۇچى بولغان تەقدىر-

دىمۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىنى ئاخىردا نۇسرەتسىز قويۇ-

شىدىن، شۈكۈر قىلىپ گۇناھلىرىنى قىلىشتىن خاتىرجەم

بولالمايدۇ.

بىز يۇقىرىقى ئىشلارغا جاۋاب بەرگەن يەكۈن ئەر قىلىق تۆۋەن
دىكى مۇنۇ ئىشلارغا بىر بىلدۈرگەن جاۋابىمىز ئاشكارا بولىدۇ.
مۇئمىن زىنا چوڭ گۇناھ قىلسا ئۇنىڭ كاپىر بولۇشى لازىم كېلىدۇ
چۈنكى ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەندۈرگەن
گۇناھ كەبىرە قىلغۇچى ئەمەس دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ.، چۈنكى
بىز دوزاخقا لايىق بولغانلىقىنى ئېتىقاد قىلىشنىڭ ئۈمىدسىزلىك.
نىڭ لازىم تۇتۇلغانلىقىغا تەسلىم بولمايمىز. شۇنىڭدەك
قەلبى بىلەن تەستىق قىلىش، تىل بىلەن ئىقرار قىلىش، ياخشى
ئىشلارنى قىلىش،، بۇنىڭ يىغىندىسى بىلەن چۈشەندۈرۈلىدىغان

ئىمانىڭ ياخشى ئىشلارنىڭ يوقلۇقىغا بىنائەن بولماسلىقى-
نى (ئىمان يوق) ئېتقات قىلغۇچىنىڭ كۇپرىنى كەلتۈرۈپ چىقار-
دىغانلىقىغا تەسلىم بولمايمىز. (بۇ ئەھلى سۇننەت ئەقىدە-
تىنى مۇستەھكەم ساقلىشىمىز لازىم).
ئۆلىمالارنىڭ «قىبلە ئەھلىدىن ھېچ قانداق كىشى كاپىر
دېيىلمەيدۇ» دېگەن سۆزى بىلەن «قۇرئاننىڭ مەخلۇق-
لۇقىغا قايىل بولغان كىشى ياكى ئاللاھ تائالانى كۆرۈشنىڭ-
مۇھاللىقىغا قايىل بولغان كىشى ياكى ئىككى شەيخنى (ئەبۇ-
بەكرى سىددىق، ئۆمەر پاروق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما)
تىللىغان ياكى بۇ ئىككىلىسىنى لەنەت قىلغان كىشى كاپىر بو-

لىدۇ»، دېگەن سۆزنىڭ ئۇستۇرىسىنى جوكلاپ تەتبىق قىلىشى

بۇ موشكۇل ئىشتۇر. (بىزنىڭچە: بۇ قورقۇ ئىشلارنى قىلغان

كىشىنى ئەھلى قىبلىدىن دىمەيمىز.)

## وتصديق الكاهن بما يخبره

ئۇ خەۋەر بەرگەن نەرسە (غايىپتىن) ئارقىلىق كاھىننى تەستىق

لاش كۇپۇردۇر، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام. مۇنداق

دېگەن «ھەر قانداق كىشى كاھىننىڭ ھوزۇرىغا كېلىپ، كاھىن

دېگەن نەرسە ئارقىلىق ئۇنى تەستىق قىلسا (     دىب)—

ئاللاھ تائالا مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) گە چۈشۈرگەن.

نەرسىگە ھەقىقەتەن كۇپۇرلۇق قىلغان بولىدۇ».

كاھىن: كېلىدىغان زاماندا بولىدىغان ئىشلاردىن خەۋەر
بېرىدىغان، مەخپىي سىرلەرنى بىلىدىغانلىقىنى «ئىلمى غەيب»
نىڭ موتائىلە، موھاكىمەلىرىنى بىلىدىغانلىقىنى دەۋا قىلىدىغان
ئادەم.
ئەرەبلەرنىڭ ئىچىدە، ئىشلارنى تونۇيدىغانلىقىنى دەۋا قىل-
دىغان كاھىنلەر [illegible] بار ئىدى. كاھىنلەرنىڭ ئىچىدە «مېنىڭ
جىن جاسۇسۇم بار، ئۇ ماڭا خەۋەر يەتكۈزۈپ تۇرىدى-
غان جىن ئەگەشكۈچۈم بار» دەيدىغان كىشىلەرمۇ بار.
«دەمەن. ماڭا بىر بەلگە بىر خىل يەھمى ئارقىلىق ئىشلارنى ئىدرا-
ك قىلىپ، بىلىمەن» دەيدىغان كىشىلەرمۇ بار. ئەگەر مۇنەججىم

بولتۇزلارغا قاراپ دۇنيادىكى ھادىسىلەرگە ھۆكۈم قىلىدىغان كىشى) مۇندىن كېيىن كېلىدىغان ھادىسىلەرنى بىلىدىغانلىقىنى دەۋا قىلسا كاھىنغا ئوخشاشتۇر.

دېمەك، غەيبنى بىلىش پەقەت يالغۇز ئاللاھ تائالاغىلا خاس ئىش بولۇپ، ئۇنى بەندىلەرنىڭ بىلىشى ئۈچۈن ھېچ قانداق يول يوق. لېكىن بەندىلەرنىڭ ئۇ غەيبنى بىلىشى ئاللاھ تائالانىڭ بىلدۈرۈشى ئارقىلىق. ياكى مۆجىزە يولى بىلەن ئىلھام بولۇشى ئارقىلىق ياكى كارامەت ئارقىلىق ئۇنىڭدا دەلىل مۇمكىن بولىدى غان. نەرسىدىكى ئالامەتلەر بىلەن دەلىل كەلتۈرۈشكە باشلىشى ئارقىلىق بولسا، بۇنىڭغا يول بار، شۇنىڭدەك (يۇقۇرقىدەك يول-

لار بىلەن بولسا دورۇسى. بولسا دورۇسى ئەمەس بەندى

لەرنىڭ غەيبنى بىلىشى) نى جۈن پەتىۋادا مۇنداق ئېيتىلدى:

«ئايىنىڭ قوتنى كۆرگەندە ئۇ (ياغمۇر) نىڭ ئالامىتى ئارق-

لىق بولماستىن غەيبنى بىلگەنلىكىنى دەۋا قىلىپ-

ياغمۇرنىڭ ياغىدىغانلىقىغا قايىل بولغان كىشى كاپىر

دەپ قارىلىدۇ.»

## والمعدوم ليس بشئ

مەئدوم (ۋۇجۇتقا چىقمىغان) نەرسە ئەگەر «نەرسە»

دېگەن سۆزدىن «نەرسە يېيىشىدە تىلىك ۋۇجۇتقا سوبۇتقا ئۈچۈن

كۆرۈن كىلىدۇ، ئەدەم بولسا نەپى (يوقلۇق) بىلەن مەنىداش»

لىنى ئىبارەت ئىككى موھىم قىسىم ئامىللار بارلىقى نەزەرىگە بىنا-

ئەن، ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت سابىق نەزەرىيە ئىزاھى قىلىنسا

شەيئى ئەمەس بولسا يېڭى بىلەن يۇقۇرقى مەنا ئىزادە

قىلىنغاندا مەئدۇمنىڭ شەيئى ئەمەسلىكى) بە دىنى ھۆ-

كۈم بولۇپ بۇ ئىلدا مۇمكىن بولغان مەئدۇم (ئۇنىڭ

ۋۇجۇتقا چىقىشى پەرز قىلىنسا مۇھاللىق لازىم كەلمە-

يدىغان) نىڭ ئەمەلىيەتتە سابىق ئىككىلىككە قايىل بو-

لىدىغان مۇئتەزىلە گۇرۇھىنىڭ باشقا ھۆكۈم تالاشى-

تارتىشى قىلمايدۇ.

ئەگەر بۇ جايدا «مەئدۇم، شەيئى دېيىشكە قالمايدۇ» دېگەن

لىك ئىرادە قىلىنسا بولغۇدەك تەتقىقات بولۇپ، بۇنىڭ
قۇرۇلمىسى شەيئىنى «مەۋجۇت نەرسە» ياكى «مەئدۇم نەر-
سە» ياكى «ئۇنى بىلىشكە ئۇنىڭ ھەققىدىن خەۋەر بېرىشكە.
يارايدىغان نەرسە» دەپ چۈشەندۈرۈشى. بۇنىڭدىكى
ئاساسى ئىنسان، ئەقلى ۋە لوغەت ئىستىماللىرىنىڭ.
ئورۇنلىرىنى بىر-بىرلەپ تەكشۈرۈشتىن ئىبارەت،

## وفي دعاء الاحياء للاموات ٭ ٭ ٭ ٭

تىرىكلەرنىڭ ئۆلۈكلەرگە دۇئا قىلىشىدا تىرىكلەر-
نىڭ ئۆلۈكلەر ھەققىدە قىلغان سەدىقىلىرىدىن ئۆلۈكلەرگە.
مەنپەئەت بار.

بىزنىڭ بۇ ئەقىدىمىز، مۇئتەزىلە گۇرۇھلىرىغا بولغان ئەي
قارشى كەلدى. چۈنكى ئۇلار «ئاللاھ تائالانىڭ ھۆكمى ئۆز-
گەرتىلمەيدۇ، ھەرقانداق جان ئۆزى ئىشلىگەن ئەمەللەرگە
رىھەنە قويۇلغۇچىدۇر، ھەرقانداق ئۆزىدىن باشقىسى
نىڭ ئەملى بىلەن ئەمەس ئۆزىنىڭ ئەملى جازا بېرىلگۈچىدۇر»
غا ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈن تىرىكلەرنىڭ ئۆلۈكلەرگە قىلغان دۇ-
ئاسىدا تىرىكلەرنىڭ ئۆلۈكلەر ھەققىدە سەدىقە قىلىشىدا.
ئۆلۈكلەرگە ھېچ قانداق پايدا يوق دەيدۇ.
بىزنىڭ بۇ ھەقتىكى دەلىلىمىز سەھىھ ھەدىسلەردىن ئۆلۈككە
دۇئا قىلىش، خۇسۇسەن جىنازا نامىزىدا ئۆلۈككە دۇئا

قىلىشنىڭ كەلگەنلىكى بۇنى سەلەپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم لەرنىڭ داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەنلىكى ئەگەر بۇدۇنيادا ئۆلۈككىلەرگە ھېچ قانداق مەنپەئەت بولمىسا ئىدى ئەلۋەتتە بۇدۇنيانىڭ ھېچ مەنىسى بولمىغان بولاتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن سانى يۈزگە يەتكەن مۇسۇلمانلارنىڭ نامازنى قويىدىغان بىر مەييىت بولىدىكەن شۇ يۈزكىشىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ مەييىت ھەققىدە شاپائەت قىلدۇ. سەئد ئىبنى ئۇبادە رەزىيەللاھۇ دىن مۇنداق رىۋايەت قىلىندى.

«سەئدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىس

سالامدىن كېيىن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! سەئىدنىڭ ئاتىسى
ئۆلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ھەققىدىن قىلىشقا قايسى سەدىقە-
نىڭ ئەۋزەل دەپ سورىغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:
سۇ دەپ جاۋاپ بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن سەئىد بىر
قۇدۇق قازدى. ۋە بۇ قۇدۇق ئۈممۇ سەئىد ئۈچۈن
دۇر،، دېدى. شۇنىڭدەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام
مۇنداق دېگەن: دۇئا قىلىش. بالانى قايتۇرىدۇ. سەدىقە
رەب تائالانىڭ غەزىپىنى ئۆچۈرىدۇ. ۋە پەيغەمبەر-
ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئالىم ۋە (ھەر ئىككىلى-
سى) ئىلىم ئوقۇغۇچى بىر كىشىنىڭ يېنىدىن ئۆتسە،

ئاللاھ تائالا ئاشۇ يېزىنىڭ قەبرىستانلىقىنى قىرىق
كۈن ئازابىنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ، بۇ بايانلىق ھەدىسلەر ۋە-
ئەسەرلەر ساناپ تۈگەتكۈسىزدۇر.

## والله تعالى يجيب الدعوات ...

ئاللاھ تائالا دۇئالارنى ئىجابەت قىلىدۇ. ۋە ھاجەتلەرنى
ئادا قىلىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا: ادعوني استجب لكم
سىلەر ماڭا دۇئا قىلىڭلار. مەن سىلەرگە ئىجابەت قىلىپ بېرى-
مەن، دېدى. بۇ ھەققەتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇن-
داق دېگەن: بەندىنىڭ دۇئاسى، مادامىكى شۇ بەندە-
گۇناھنى ياكى تۇغقانچىلىقنى ئۈزۈشنى تەلەپ قىلـ-

قىلمىسا، ئۇ دۇئاسىنىڭ ئىجابەت بولۇشىغا ئالدىرىمىسىلا ئىجا
بەت قىلىندۇ. ئۇ ئاللا سىلەرنىڭ رەببىڭلار ھەققەتەن
ھايالىق، ئۇلۇغ بولۇپ بەندىسى ھەققىدە ئۇ بەندە
دۇئا ئۈچۈن قول كۆتەرسە، ئۇنى قۇرۇق قول قايتۇر
ۇشتىن ھايا قىلىدۇ.

بىلىشىمىز لازىم: دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشىدىكى ئاساسى.
تورتلە نىيەتنىڭ راستلىقى، ئىچكى دىلنىڭ سەممىي بولۇشى
چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەر
ئاللاھ تائالاغا دۇئاسىنىڭ ئىجابەت بولۇشىغا جەزم قىلغان
ھالەتتە دۇئا قىلىڭلار». يەنە بىلىشىمىز لازىمكى: غايىپتە-

قوۋاسىز دىلدىن قىلىنغان دۇئا ئىجابەت قىلىنمايدۇ.

ماشايىخلار (ماشايىخ: ئىمام ئەزەمدىن كېيىن ئۆتكەن ئىمام ئەزەمنىڭ مەسلىكىدىكى ئۆلىمالار ئەسهاب (بىزنىڭ ئەسهابىمىز دېيىلىدۇ) ئىمام ئەزەمنىڭ شاگىرتى زامانداشلىرى) «كاپىرنىڭ دۇئاسى ئىجابەت قىلىنىدۇ» دېيىش دۇرۇس بولامدۇ-ياكى بولمامدۇ، مۇشۇ ھەقتە ئىختىلاپ قىلىشتى، جۇمهۇر ئۆلىمالار بۇ (كاپىرنىڭ دۇئاسى ئىجابەت قىلىنىدۇ» دېيىشنىڭ دۇرۇسلىقى) نى مەنئى قىلدى. چۈنكى مۇنداق دېگەن «كاپىرنىڭ دۇئاسى پەقەت گۇمراھلىقلا» چۈنكى (مەنئى قىلىشنىڭ 2-دەلىلى)

ئۇ كاپىر ئاللاھ تائالانى تونۇمايدۇ. ئەگەر ئۇ ئاللاھ-

تائالاغا ئىقرار قىلسىمۇ، ئاللاھ تائالانى، ئاللاھ تائالاغا

لايىق بولمايدىغان نەرسە بىلەن سۈپەتلىگەنلىكى ئۈچۈن

ئۇنىڭ قىلغان ئىقرارى كەمتۈك بولىدۇ. ھەدىستە كەل-

گەن: «مەزلۇمنىڭ (زۇلۇم قىلىنغۇچىنىڭ) دۇئاسى، ئۇ-

مەزلۇم ئەگەر كاپىر بولسىمۇ ئىجابەت قىلىنىدۇ» دېن

ئىبارەت بۇ رىۋايەتتە «ئىشتە كۇپۇرلۇق قىلسىمۇ» دې

گەنلىكە قارىتىلغۇچىدۇر.

ئۇ ئۇلىمالارنىڭ بەزىسى «كاپىرنىڭ دۇئاسى ئىجابەت

قىلىنىدۇ» دېگىنى دورۇسى دەپ قارىدى. چۈنكى ئاللاھ-

تائالا. ئىبلىس شەيتان ئەلەيھىللەئنەدىن ھېكايە

قىلىپ مۇنداق دېگەن: رب انظرني فقال الله تعالى انك

من المنظرين. «ئى رەببىم! ماڭا مۆھلەت بەرگىن (دېدى

شەيتان) ۋە دېدى ئاللاھ تائالا شەكسىزكى سەن مۆھ-

لەت بېرىلگۈچىدۇرسەن». مانا مۇشۇ، شەيتاننىڭ «ئى

رەببىم! ماڭا مۆھلەت بەرگىن» دېگەن دۇئاسى ئىجا-

بەت قىلغانلىقتۇر. بۇنىڭغا (كاپىرنىڭ دۇئاسى ئىجا-

بەت قىلىندۇ» دېيىشنىڭ دۇرۇسلىقىغا) ئۇبۇلقاسىم-

ھەكىم ۋە ئەبۇنەسر سەددۇبۇسى باردى. ئەبۇنە-

سىر سەددۇبۇسى مۇنداق دېدى: بۇنىڭ بىلەن پەتىۋا قىلىندۇ»

جمله میسی 6 ده فقره بیله توقتایدور

وما اخبر به النبي عليه السلام ..... حق